

دىلشات قېيۇم نۇر

# قاق بولغان ئالما

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

دىلشات قەييۇم نۇر

# قاق بولغان ئالما

( پوۋېستلار )



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: سائادەت ساۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

قاق بولغان ئالما
(پوۋېستلار)
ئاپتورى: دىلشات قېيۇم نۇر
*
شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا 1 ـ قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنبوۋېن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 × 850 مم ، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 5.5
2006 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىل 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 — 7 — 5371 — 5308 — 9
سانى: 3001 — 6000
باھاسى: 9.50يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



دىلشات قەييۇم نۇر

# مۇندەرىجە


يالغۇز ئەمەس يىغلىغان يۈرەك ........................ 1

مەڭگۈلۈك گارمون ................................ 24

يېتىم بوۋاي ........................................ 67

قاق بولغان ئالما ................................ 119

# يالغۇز ئەمەس يىغلىغان يۈرەك

**سۆيگۈنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان تەنتەككە پەقەت ئېچىنىش كېرەك.**

— ر. بىرنىس

شۇنداق قىلىپ ئۇ كەتتى. خۇددى ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئارقىسىغا يېنىش - يېنىشلاپ قارىغىنىچە بۇ يۇرت بىلەن ئەنە شۇنداق ئۈن - تىنسىزلا خوشلاشتى.

ئۇ بۇ يۇرتقا تەقسىم قىلىنغان قىسقىغىنە بىر يىل جەريانىدا، ئۇنىڭ كەسىپ ۋە باشقا جەھەتلەردىكى نۇرغۇنلىغان ئارتۇقچىلىقلىرىنى بارغانچە ھېس قىلغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردىكى ئاشۇ مىسكىن خاراكتېرىنى، بولۇپمۇ ئۆزى ئارزۇلاپ تەلەپ قىلىپ كەلگەن بۇ يۇرتتىن ئەنە شۇنداق تەرەپباللا كېتىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا چۈشىنىپ يېتەلمىدۇق.

بەزى چاغلاردا ئۇ مەن بىلەن ئانچە - مۇنچە ھال - مۇڭ قىلىشقاندىن باشقا، ئادەتتە باشقىلار بىلەن ئانچە بېرىش - كېلىش قىلىپ كەتمەيتتى، لېكىن مۇشۇ يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بۇيان، ئىلگىرىكى چاغلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ كەم سۆز ۋە خىيالچان بولۇپ قالغانلىقىنى، بولۇپمۇ مېنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەنلىكىنى ئاز - تولا سېزىپ قالدىم. يىغىنچاقلىغاندا، بۇ دوستۇمنىڭ مىجەزى ئەنە شۇنداق تولىمۇ غەلىتە ئىدى.

مەن كۆز ئالدىمدىن بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇسقا تىكىلگىنىمچە ئۇنىڭ ئاخشامقى ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە باشلىدىم...

قىياسىمچە تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇ ماڭا ئىچىدىكى بارلىق سىرلىرىنى، ئىنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبنى ئېيتماقچى بولۇپ كەلگەندەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ رومكا تۇتقان قوللىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى، دېمەكچى بولغان سۆزىنى نەدىن باشلاش توغرىسىدا ئويلىنىۋاتقان بولسا كېرەك، قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شورايتتى. بەزىدە ماڭا قاراپ نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولاتتىيۇ، ئارقىدىنلا ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا يەنە جىمىپ قالاتتى.

ئەپسۇس، ئۇ ھېلىقى نىيىتىدىن يېنىپ ماڭا پەقەت يولغا چىقىشتىن بىرنەچچە مىنۇت ئىلگىرىلا بەرگەن قولۇمدىكى مۇشۇ كۆك تاشلىق خاتىرىنىلا قالدۇرۇپ كېتىشنى يېتەرلىك دەپ بىلدى بولغاي، تاكى ئۆز يولىغا راۋان بولغانغا قەدەر مەن تەسەۋۋۇر قىلغان ھېلىقى ئىش زادىلا يۈز بەرمىدى.

ئۇ كەتكەن تەرەپكە يەنە بىر قېتىم نەزەر تاشلىدىم - دە، قولۇمدىكى خاتىرىنى ئوقۇپ بېقىش ئىستىكى بىلەن دەرھال ئۆيگە قاراپ چاپتىم.

خاتىرىنىڭ تۇنجى بېتىگە تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا شېئىر ھۆسنخەت بىلەن ئاجايىپ نەپىس يېزىلغانىدى.

ئېسىڭدىن چىقىرىپ خۇش بولساڭ مەيلى،
ۋە لېكىن ئۇنتۇيالماي چەكمىگىن ئازاب.

شۇ پەيت مەندە بۇ غەيرىي مىجەز دوستۇمنى كۆيۈك ئوتىدا قىينىغان ناتونۇش گۈزەلنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى ئىختىيارسىز كۈچەيمەكتە ئىدى.

خاتىرىنىڭ ئىككىنچى بېتىنى ئېچىشىم ھامان كۆزۈمگە ئىد-
شەنمەيلا قالدىم، چۈنكى ئۈستىلىق بىلەن سىزىلغان قىپقىزىل
يۈرەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا نەۋرە سىڭلىم ئاينۇرنىڭ بىر سۈكلۈق
رەڭلىك سۈرىتى چاپلاقلىق تۇراتتى.

ئاھ، بۇ نېمە كارامەت! سىڭلىم ئاينۇرنىڭ تويى تېخى
ئىككى ئاي بۇرۇنلا...

شۇ تاپتا ھەيرانلىقىمدىن كاللامنى نۇرغۇن خىياللار چىرمى-
ۋالغان بولۇپ، دوستۇمنىڭ مىسكىن سېيماسى كۆز ئالدىمغا
كېلىشى بىلەن تەڭ، بەزى ئىشلارنى چۈشەنگەندەكمۇ بولدۇم،
ھاياجانلانغانلىقىمدىن خاتىرە تۇتقان قوللىرىم ئىختىيارسىز تىت-
رەيتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ خاتىرە بەتلىرىنى
ۋاراقلاشنى داۋاملاشتۇردۇم.

## 1

مەن كىچىك چاغلىرىمدىن باشلاپلا يالغۇز مۇھىتقا كۆنۈپ
قالغانلىقىمدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن...

گۆدەك چاغلىرىم ئىدى. ئۆيىمىز مەھەللىدىن خېلى يىراقتا
جايلاشقان بولغاچقا، تەڭ قۇرامىمدىكى باللار بىللە ئويد-
ناش پۇرسىتىم تولىمۇ ئاز ئىدى.

پەقەت ئامراق كۈچۈكۈم بىلەن ئۆيىمىز ئالدىدىكى ئاپام ئۆز
قولى بىلەن بىنا قىلغان كىچىككىنە مېۋىلىك بېغىمىزدا گۆدەك-
لىكىمنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرىنى تولىمۇ خۇشال ئۆتكۈزگەنىد-
دىم. مېنىڭ ئەينى چاغدىكى سەبىي تەسەۋۋۇرۇمچە ئاشۇ باغ
مومام ئۆزلەپ بەرگەن چۆچەكلەردىكى ھېلىقى ئاجايىپ گۈزەل
جەننەتتىنمۇ قەدىرلىك ئىدى. بولۇپمۇ ھېلىقى ئۆرۈك كۆچىتى
كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ...

تەبىئىي ئۆسۈپ چىققان ئاشۇ ئۆرۈك كۆچىتىگە مەن تولىمۇ

ئامراق ئىدىم. خۇددى تەجرىبىلىك باغۋەنلەردەك كىچىككىنە كەتمىنىم بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىنى يۇمشىتاتتىم، ئاكام ياساپ بەرگەن كىچىككىنە چېلەكىم بىلەن كۆلدىن سۇ توشۇپ كۆڭۈل قويۇپ سۇغىراتتىم. كۈندە بىرنەچچە قېتىم دېگۈدەك ئۇنى ئۆزۈمنىڭ بويى بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ كۆرەتتىم. ناۋادا ئاپام مېنى بىرەر تۇغقانلارنىڭكىگە مېھماندارچىلىققا ئاپىرىپ قالسا، كەچ كىرمەي تۇرۇپ ئۆيگە ئالدىرايتتىم، ھەتتا چۈشلىرىمدىمۇ شۇ بىر تۈپ كۆچەت!

ئادەتتە بەكمۇ جىمغۇرلاردىن بولمىساممۇ، لېكىن تولىمۇ خىيالپەرەس بولغىنىم ئۈچۈن ئەتراپىمدىكى يات كىشىلەردىن ئەيمىنەتتىم. ئەزەلدىن باشقىلار بىلەن يېقىنلىشىشقا پېتىنالمىغانلىقىم ئۈچۈن سىرداشقۇدەك بىرەرمۇ يېقىن دوستۇمنىڭ بولغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن. تاكى ئالىي مەكتەپنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە بولغان پۈتكۈل ھاياتىم ئەنە شۇنداق بىرلا خىل رەۋىشتە ئۆتۈپ كەتتى. ئېتىراپ قىلىمەنكى، تاكى مۇشۇ كەمگىچە قىز ساۋاقداشلىرىمغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىرەر ئېغىز چاقچاقمۇ قىلىپ باققىنىمنى بىلمەيمەن. ئەكسىچە باشقىلارنىڭ تاپا - تەنىلىرى بولسا مېنى ئۆزلىرىدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇراتتى، خالاس. كىچىكىمدىن كىتاب ئوقۇشقا ۋە يېزىقچىلىققا ھەۋەس قىلغىنىم ئۈچۈن دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرنىڭ تولىسى دېگۈدەك كۈتۈپخانا ياكى بولمىسا خالىي جايلاردا بولاتتى، لېكىن چوڭ - كىچىك مۇنازىرىلەردە، لېكسىيە سۆزلەش ياكى دېكلاماتسىيە مۇسابىقىلىرىدە ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئىختىيارسىز جانلىنىپ كېتەتتىم. دېمەك، ساۋاقداشلىرىمنىڭ نەزىرىدە گاھىدا غايىب بولسام، گاھىدا ئەنە شۇنداق پات - پاتلا پەيدا بولۇپ قالاتتىم ...

ئىشىنىمەنكى، ئالىي مەكتەپنىڭ قاينام - تاشقىنلىق گۈزەل ھاياتىمۇ بۇ مىجەزىمنى ئۆزگەرتەلمىدى. مەن تولىمۇ كېچىكىپ

ھېس قىلدىم، ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئەسلەپ باقسام، باشقىلارنى قىزىقتۇرغۇدەك بىرەر ئۆزگىچە يېڭىلىق، زېرىككەنلىرىمدە خىيالەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ھوزۇرلانغۇدەك ياشلىق چاغلىرىمدىن بىرەر لىرىكىلىق ئەسلىمەممۇ يوق. راستىنى دېگەندە مەندە يىگىتلىككە خاس شوخلۇق تولىمۇ كەملىك قىلاتتى، مەن بۇنى پەقەت مۇھەببەتنىڭ شېرىن، شۇنداقلا ئازابلىق سىناقلىرىدىلا ھەقىقىي ھېس قىلدىم.

*　　　　　*

بۈگۈن بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ سۆيۈملۈك كۈن — شېكەر شەنبە ئىدى. شۇڭا ياتاقتىكىلەر كوچا ئايلىنىپ راسا بىر پەيزى قىلىپ كەلمەكچى بولدۇق.

كوچا ئايلىنىشنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەھمىيىتى بار. بۈگۈن كەيپىياتىم ئۆزۈمگىمۇ خېلى كۆتۈرەڭگۈ تۇيۇلاتتى. ئىچىمدە تېخى خۇددى بۈگۈنكىدەك كوچا ئايلىنىش پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم قالغان چاغلىرىمنى ئەسلەپ ئەپسۇسلىنىپمۇ قوياتتىم.

لېكىن قورساقنىڭ ئېچىشى بۇ كۆڭۈللۈك سەيلىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشقا زادىلا ئىمكان بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن خالىي خىلۋەتتىكى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر ئاشخانىغا كىردۇق. تاماقتىن كېيىن ھازىرلا كىرىمىز دەپ چىقىپ كەتكەن ياتاقداشلارنىڭ بىرى ئالدىمىزغا «توك»لا قىلىپ ھېلىقىنىڭدىن بىر بوتۇلكا تىكلەپ قويدى. داستىخىنىمىز مول، ھەممىمىزنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. باشقىلارنىڭ سالاسىغا بوش كېلىپ مەنمۇ ئۈنىڭدىن بىرنەچچە رومكا كۆتۈرگەنمۇ بولدۇم. شۇئان كۆزلىرىم خۇمارلىشىپ، پارىڭىممۇ كۆپەيگىلى تۇردى. تېخى سىجەزىمگە تامامەن يات ھالدا چاۋاكقا كەلتۈرۈپ بىرنەچچە

ناخشىنى تىڭشىماي ساپتىمەن. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى تۇنجى كەيپىم ئىدى ...

ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىچىم سىقىلىپ بىر دەم سەگىدەپ كىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتىم.

بۈگۈن كېچە تولىمۇ ئايدىڭ بولۇپ، ئەتراپ جىمجىت ئىدى. تۇيۇقسىز ئالدىمدا پەرى سۈپەت بىر گۈزەل قىز پەيدا بولدى. شۇئان تەنلىرىم جۇغۇلداپ قەلبىمنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان بىر خىل تۇيغۇ چىرمىۋالدى.

ئەپسۇس، قىز ماڭا پەقەت ئادەتتىكىدەكلا بىر قاراپ قويۇپ، يېنىمدىن پەرۋاسىزلارچە ئۆتۈپ كەتتى، بىر چاغدا ئېسىمگە كەل- سەم قىزلار ياتاق بىناسى ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. كۆز ئالدىمدا بولسا تېخى بايىقى مەنزىرە، قىزنىڭ مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان يارشىملىق قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرى، گۈزەل قامىتى، نېمە سەۋەبتىندۇر ئارقىسىغا يېنىش - يېنىشلاپ قاراپ قويۇشلىرى...

ئاھ! مەنمەن، دېگەن يىگىتلەرنى يۇلتۇز ساناتقان مۇھەببەت دېگەن شۇمىدۇر؟

شۇ كۈندىن باشلاپ ھېلىقى ناتونۇش قىزنى سېغىنىدىغان، كېچىلىرى يېنىش - يېنىشلاپ مەكتەپ ھويلىسىنى ئايلىنىدى- غان، ھەسرەتلىك ئۇھ تارتقان ھالدا قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ھېلىقى جايدا سائەت - سائەتلەپ تۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم، خىيال ئېكرانىمدا پەقەت شۇلا مەنزىرە، ئاشۇ قامەت...

ئېتىراپ قىلىمەنكى، مەن ئاشۇ ناتونۇش قىز ئۈچۈن ئاشىق- لىق دەردىنى تەنھا تارتماقتا ئىدىم، بۇ ھال مېنى تېخىمۇ مىس- كىنلەشتۈرۈپ قويدى. لېكىن، سېغىنىش ھېسلىرىم ئۇ قىز بىلەن چوقۇم يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىمغا ئىشەن- دۈرەتتى...

شۇ ئىش بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي مەكتىپىمىزدە ئۆتكۈزۈلگەن

بىر قېتىملىق تانسا كېچىلىكىدە مەن ئاخىر تىلىكىمگە يەتتىم.

خۇددى كۇندۇزدەك يورۇپ كەتكەن مەيداننىڭ ھەممە يەرلىرىگە نەزەر تاشلاۋاتقان كۆزلىرىم ئۇ قىزنىڭ كىشىنى بىر قاراشتىلا ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغۇدەك ئاشۇ بۇلاق كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئاشۇ قىممەتلىك دەقىقىلەردە، يۈرىكىم گويا قاپقانغا چۈشكەن بىچارە بۆجەندەك تېپچەكلەپ كەتتى. روھىم خۇددى تېنىمدىن تۇيۇقسىز ئاجراپ كەتكەندەك پۇت - قوللىرىم دەرمانسىزلىنىپ تىترەيتتى. دېمەك، مەن كېچە - كۇندۇز سېغىنغان، ئۆز ئىشقىغا مۇپتىلا قىلىپ ئۆزى تۇيۇقسىز غايىب بولغان ھېلىقى قىزنى كۆرۈۋاتاتتىم. ئەگەر شۇ پەيتتە قېشىمدا تۇرغان بىرەرىنىڭ نەزىرى ماڭا چۈشۈپ قالغان بولسا دەرھال كېلىپ يۆلىۋالــمــىغان تەقدىردىمۇ، لېكىن سالامەتلىكىمدىن چوقۇم گۇمانلانغان بولاتتى.

دەل شۇ پەيتتە ناتونۇش بىر يىگىت ئالدىراپ كېلىپ قىزنى تانسىغا تارتتى، قىز تانسىنى ھەقىقەتەن ياخشى ئوينايتتى. قىزنىڭ ئىنچىكە، ئەۋرىشىم بەللىرىدىن چىڭ قاماللىغان ھېلىقى يىگىت قىزغا قاراپ ئاللىنېمىلەرنى دەيتتى، كۈلەتتى... بىراق قىز نېمە سەۋەبتىندۇر كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچاتتى، ئۆزىنى قاچۇراتتى، ئارىلاپ - ئارىلاپ مەن تەرەپكە قىيا بېقىپ قوياتتى.

ئەمدىلىكتە ئاشۇ ناتونۇش قىز ئۇچۇن ئىشق ئوتىنى ئاز دەپ، رەشك ئوتىمۇ مېنى تامامەن ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. كۆزلىرىم تورلىشىپ، يۈرىكىم ئاغرىيتتى. بۇ مەنزىرىنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇرۇشقا زادىلا تاقىتىم قالمىدى - دە، دەرھال كەينىمگە بۇرۇلۇپ، قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ھېلىقى جايغا بېرىپ ئۆزاق تۇردۇم. شۇ پەيت قىزنىڭ ئەۋرىشىم بەللىرىدىن چىڭ قاماللىغان ھېلىقى بەختلىك قول ئەمدىلىكتە رەھىمسىزلەرچە كېلىسىنى بوغۇۋاتقاندەك قىلاتتى...

ئۆزۈمگە ئېچىنىشقا باشلىدىم. قاراپ تۇرۇپ ئىسمى - زاتى نامەلۇم بولغان ناتونۇش بىر قىز ئۈچۈن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىممۇ؟ بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىشلىرىمچۇ تېخى...

ئاسماندىكى پارلاپ تۇرغان ئايغا باقتىم. مەن ئۈچۈن شۇ پەيتتە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تەسەللى بولمىسا كېرەك، لېكىن بۈ- گۈن ئاخشام تېخىمۇ جەلپكار تۇس ئالغان تولۇن ئاي مېنىڭدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەندەك تۇيۇلماقتا ئىدى.

جىمجىت كېچە، شامنىڭ غۇۋا يورۇقىدا قولۇمغا قەلەمنى ئالدىم...

## 2

قىز بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش مەن ئۈچۈن تولىمۇ قىيىن، ھەتتا مۇمكىن ئەمەستەكلا تۇيۇلاتتى، بولۇپمۇ ھېلىقى تانسا كېچىلىكىدىكى مەنزىرىلەر مېنى تېخىمۇ ئازابلايتتى.

بۈگۈن كەچلىك مۇزاكىرىدىن بالدۇرلا ياندىم - دە، مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ، ئالدىنقى قېتىم ئوقۇپ تۈگىتەلمىگەن ھېلىقى ژۇرنالنى قولۇمغا ئالدىم.

توساتتىن قۇلىقىمغا پەس، لېكىن تولىمۇ يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— كەچۈرىسىز، قەلىمىڭىزنى بېرىپ تۇرغان بولسىڭىز.

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈش بىلەن گويا توك تېپىۋەتكەندەك ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتىم، چۈنكى ئۇدۇلۇمدا ماڭا قاراپ تىكىلىپ ئولتۇرغان ئۇ قىز دەل مېنىڭ پۈتكۈل خىيالىمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان ھېلىقى ناتونۇش گۈزەل ئىدى. بۇ تاسادىپىي- لىق مېنى ھەقىقەتەنمۇ تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلەمنى ئۇزاتتىم دەپ قېشىمدىكى بىراۋنىڭ كۆزەينىكىنى تەڭلە-

گىنىم ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلغاچقا، ھەيرانلىق بىلەن بىر پەس تىكىلگەندىن كېيىن قولۇمدىكى كۆزەينەكنى ئېلىپ جايىغا قويۇپ، ئالدىمدىكى قەلەمنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولىغا ئېلىپ، ئوماقىنە بىر كۈلۈپ قويدى - دە، ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. دىققىتىم چېچىلغانىدى. كۆتۈپخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭىلا قاراۋاتقاندەك ئىختىيارسىز قورۇناتتىم، ئاخىر بارلىق غەيرىتىمنى يىغىپ قىزغا نەزەر تاشلىدىم. ئۇنىڭ شۇنچە بوش ئورۇنلارنى تاشلاپ، مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇرغانلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. قىز ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى، ئەنە ئۇنىڭ قويۇق قايرىما كىرپىكلىرى ئاستىدىكى بۇلاقتەك كۆزلىرى، قىپقىزىل گىلاستەك لەۋلىرى، قىياقتەك قارا قاشلىرى، چاچلىرى… راستىنى دېگەندە ئۇنى لايىقىدا سۈپەتلەشكە تىلىم ھەقىقەتەنمۇ ئاجىزلىق قىلاتتى.

مەن كۆتۈپخانىدىن چىقىپ كەتتىم. ئەمدىلىكتە ئۆز - ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىنىشكە باشلىدىم، شۇندىلا ئۇنى بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىشىم ئۆزۈمگە تولىمۇ ئەخمىقانىلىك بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئارقىسىدا مەندەك ئەخمەقلەردىن يەنە قانچىسىنىڭ بارلىقى، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئايدىڭ…

مەن ئۇنى تۇنجى نۆۋەت كۆرگەن ھېلىقى جايغا كېلىپ ئىختىيارسىز توختاپ قالدىم. كاللامدا بولسا يەنە بايىقى ئەنسىز خىياللار…

— بەكمۇ ئۇنتۇغاق ئىكەنسىز، قەلىمىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ.

ئىتتىكلا ئارقامغا قارىسام ئۇ مەندىن پەقەت بىر نەچچە قەدەملا نېرىدا ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپتۇ، مەن ئۇنىڭ قولىدىن قەلىمىمنى ئېلىۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم. لېكىن، ئۇ لېۋىنى چىشلىگىنىچە يانغا قارىۋالدى ۋە ئاز ئۆتمەي مەن بىلەن ئۇنىسىز خوشلىشىپ يۈگۈرگىنىچە كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى.

مەن قولۇمدىكى قەلەمنى باشتا پۇرىدىم، كېيىن ئاستا لې-

ۋىمگە باستىم، چۈنكى ئۇنىڭ رولى مەندە ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد پەيدا قىلغانىدى. ئەمدىلا قەدىمىمنى يۆتكىشىمگە «توختا» دېگەن قوپال ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر جۈپ قول كېلىپ ياقامدىن ئالدى، شۇندىلا مەن ئۇنىڭ ھېلىقى تانسا كېچىلىكىدە مەن كۆيگەن بايىقى قىز بىلەن تانسا ئوينىغان ھېلىقى كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى تونۇغاندەك قىلدىم.

— كۇتۇپخانىدا سېنىڭ ئاينۇرغا خۇددى يەۋېتىدىغاندەك تىكىلىپ ئولتۇرغانلىقىڭنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى ئارانلا بېسىۋالدىم، ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ بايىقى مۇغەمبەرلىكىڭچۇ تېخى.

ئۇ شۇنداق دەپلا قورسىقىمغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تىزلىۋەتتى، شۇئان كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ يەرگە ئارانلا ئولتۇرۇۋالدىم.

— بىلىپ قوي لاتا، ئاينۇرنىڭ ئىگىسى مەن بولىمەن.

ئارقىدىن تېگىگەن بىر نەچچە تېپىك مېنى دومىلىتىۋەتتى…

## 3

— كەچۈرسىز، شاۋكەت، مېنىڭ سەۋەبىمدىن بۇنچىلىك تىل - تاياققا قالغانلىقىڭىزدىن تېخى بايىلا خەۋەر تېپىپ تولىمۇ ئازابلاندىم. ناۋادا ئۇ بۇ ئىشنى ئۆزى كېلىپ ئاشكارىلىمىغان بولسا، ئۇ چاغدا مەن سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە…

ئۇ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى، مەن شۇئان ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردىم.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئاينۇر، بۇنداق ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ بولۇپ تۇرۇشى تەبىئىي ئەھۋال، لېكىن مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالمىسىكەن دەپ ئەنسىرەيمەن، ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈم بېرىپ…

— ياق، ياق، سىز خاتا چۈشىنىپ قالغان ئوخشايسىز، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق ھەم بولۇشىمۇ

مۇمكىن ئەمەس، ئەكسىچە ئۇ ئارقامغا كىرىۋالغىلى خېلى ئۇزۇن بولدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كاللامدىكى بارلىق چىگىش خىياللار بىر-راقلا تارقىلىپ كەتتى. چۈنكى ھېلىقى ئىش يۈز بەرگەن كۈندىن بۇيان بىر چىرايلىق قىزنىڭ، يەنە كېلىپ ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن كۆز ئالدىمدىكى بۇ قىزنىڭ ئەنە ئاشۇنداق بىر نامەرد قولىدا زايە بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ تولىمۇ ئازابلانغانىدىم.

بىر ئامال قىلىپ ئاينۇرنى بىردەم بولسىمۇ بۇ ئازابتىن خالاس قىلىش نىيىتىدە، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدىم.

— قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيسىز؟

— تىل فاكۇلتېتىدا ئوقۇيمەن، بۇ يىل مەكتەپ پۈتتۈرد-مىز.

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ بېشىمغا خۇددى سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتىم. چۈنكى مېنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈ-شۈمگە يەنە بىر يىل ۋاقىت بار ئىدى...

شۇنىڭدىن كېيىن بىز پۇرسەت بولسىلا ئۇچرىشىپ تۇر-دۇق، بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ مەنىلىك ۋە ئۇنتۇلماس كۈنلەر بولۇپ قەلبىمدىن ئورۇن ئالدى. مەن ئۇنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئۇنىسىز ياخشى كۆرەتتىم، لېكىن ئۇ بولسا يەنىلا بىخەۋەر ئىدى.

ئەپسۇس، ئارىلىقتىن ئۇزاق ئۆتمەي قىز مېنىڭ مىڭ تەس-لىكتە ئېرىشكەن ئاشۇ كىچىككىنە ئىمكانلىرىمنىمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ، پراكتىكا سەۋەبى بىلەن مەكتەپتىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىز پراكتىكىسىنى تۈگىتىپ مەكتەپكە قايتىپ كەلگۈچە تۇيۇقسىز ئۆيدىن مېنى چاقىرتىپ جىددىي تېلېگرامما كېلىپ قالدى، چۈنكى مومامنىڭ كېسىلى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان بولۇپ، دەرھال يولغا چىقمىسام مومامنىڭ يۈزىنى مەڭگۈگە كۆرەلمەيتتىم. شۇڭا مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ رۇخسى-تى بىلەن نائىلاج يۇرتۇمغا قاراپ راۋان بولدۇم...

## 4

مەن ئۆيگە يېتىپ بېرىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىچ كۆيەر قەدىردان مومام ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇ ھەقىقەتەن ئارمان بىلەن كەتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى نەۋرە كېلىنى بىلەن ئوماق ئەۋرىسىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى …

قايغۇلۇق ئەتىل كۈنلىرىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم.

ئەڭ ئاخىرقى ئوقۇش ھاياتىم تولىمۇ مەنىسىز رىتىمدا ئۆتـ مەكتە ئىدى. چۈنكى مەن ھاياتىمدا مېنى ئەڭ بەختلىك قىلالايدىـ غان ئىنساندىن ئايرىلىپ قالغانىدىم. ئۇنى ئەتراپىمدىن ئىزدەپمۇ تاپالمايتتىم، ھېچبولمىغاندا ئۇنى يىراقتا تۇرۇپ بولسىمۇ كۆرەلمەيتتىم.

مەن قاچانلاردىدۇر مەلۇم بىر كىتابتىن «ئىشق دەردى ھەم ئازابلىق ھەم شېرىن بولىدۇ» دېگەن بىر يەكۈننى ئوقۇغانىدىم. ئىشق دەردى ھەقىقەتەن ئەنە شۇنداق سىرلىق بولىدىكەن. بەزىدە مەن ئۇنىڭ يېقىملىق چېھرىنى، گۈزەل سېيماسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان سۆھبەتلىرىمىزنى ئەسـ لىگىنىمدە ھاياتىم ھېلىھەم بەخت ئىچىدە ئۆتۈۋاتقاندەك، ئۇنى ھازىرمۇ قېشىمدىكىدەك ھېس قىلىمەن. لېكىن مەن ئۆزۈمگە قانداقلا تەسەللىي بەرگىنىم بىلەن يەنىلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغانىدىم.

بەزى چاغلاردا ئۆز تەقدىرىم ئۈستىدە چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولىمەن. راست، تەقدىر مېنى ئاينۇر بىلەن خاتالىشىپ تونۇشتۇرۇپ قويغان، رەھىمسىز پەلەك پەقەت مېنى جازالاش ئۈچۈنلا يۈرىكىمگە مۇشۇ ئازابلارنى سالغان. بىراق مەن ئۆز

تەقدىرىمدىن نارازى ئەمەسمەن! ئەكسىچە، تۇنجى مۇھەببىتىم ئۈچۈن بۇ ئازابلارنى تارتىشقا رازىمەن.

يەنە بەزىدە ئۆز خىياللىرىمدىن ئۈمىدلىنىپمۇ قالىمەن، چۈنكى ئىنسان بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدا بەختلىك يا بەخت- سىز بولۇشقا ھەققى بارغۇ؟ ئۈمىدلىرىم مېنى ئاشۇ بەختكە ئىنتىلدۈرەتتى، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟

سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە ھەقىقەتەنمۇ ئاجىزلىق قىلاتتىم، شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى ھەر ئاماللار قىلىپ بەزلەيتتىم، بىلىپ تۇرۇپ ئالدايتتىم. ھالبۇكى، سېغىنىشنىڭ يۈرىكىمنى يەپ كې- تىۋاتقان چىدىغۇسىز ئازابلىرى ئىچىدە ئۆزۈمنى تېخىمۇ يېگانە ھېس قىلاتتىم. ھېچبولمىغاندا، ئۇ قىز ئۆزىگە سەۋدايىلەرچە ئۇنىسىز ئاشىق بولغان، ئۆزى بىخەۋەر ئازابلىغان مەندەك بىر شورپېشانىنىڭ ھېسسىياتىنى، مۇھەببىتىنى بىلمەي تۇرۇپ كې- تىپ قالدى، لېكىن قىزنى ئەيىبلىگىلى، ئۇنىڭدىن ئاغرىنغىلى بولمايتتى، چۈنكى مەن نۇرغۇنلىغان پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويدۇم، ھەتتا بىرەر قېتىم چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ قەلبىمنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. دېمەك، ئۆتىنىڭ ئىچىدە كۆي- گىچە تېشىدا تۇرۇپ پۇچىلىنىشقا رازى بولدۇم. ئاقىۋەتتە، نېسىپ بولغىنى يەنە شۇ ئايرىلىش!

ئوقۇشىمىز ئاخىرلىشىش ئالدىدىكى تازا ھالقىلىق پەيتلەر- دە، بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، ساۋاقداشلارنىڭ تولىسى دېگۈدەك چوڭ شەھەرلەردە قېلىشنىڭ كويى بىلەن نەلەرگىدۇر چېپىشاتتى، لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە كاللامدا غەيرىي بىر خىيال شەكىللىنەتتى، ئۇ بولسىمۇ ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن چەت رايون — ئاينۇرلارنىڭ ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىمنى ئىپا- دىلەش ئىدى. مەندىكى بۇ خىيالنىڭ پەيدا بولۇشى راستىنى

ئېيتقاندا، مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتىدىن ئىدى، چۈنكى بەخت ئۈچۈن بەدەل تۆلىمەيمۇ مۇمكىن ئەمەس - دە!

شۇ مەقسەت بىلەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ساۋاقداشلىرىمنى ھەيران قالدۇرغان ھالدا بىر تەرەپتىن ئۆيدىكىلەرنى قايىل قىلىشقا، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپ رەھبەرلىكىگە ئارقا - ئارقىدىن ئىلتىماس سۇنۇشقا كىرىشىپ كەتتىم...

## 5

مەن ئارزۇلاپ تەلەپ قىلىپ كەلگەن بۇ يۇرت پەقەت ئادەتتىكىلا بىر كىچىك ناھىيە ئىدى. ئۆزۈمنى خۇددى باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلسامىمۇ، لېكىن بۇ يەردە مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىم ياشاۋاتقان بولغاچقا، مەن ئۈچۈن گويا جەننەتتىنمۇ قەدىرلىك ئىدى.

يېڭى خىزمەت ئورنۇمغا جايلىشىپ بولغۇچە ئارىلىقتىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈن يەكشەنبە كۈنى بولغاچ ناھىيە كوچىلىرى بىلەن تونۇشۇش، بولۇپمۇ ئاينۇرنى ئۇچرىتىپ قالارمەن دېگەن ئۈمىد بىلەن سىرتقا چىقتىم. رەتلىك كوچىلار، ناتونۇش چىرايلار كۆڭلۈمگە ھەر خىل تۇيغۇلارنى سالاتتى.

ناھىيە چوڭ ماگىزىنىدىن چىقىپلا ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، كۆرۈۋاتقىنىم دەل مەن ئۆزۈمدىن بېرى تەشنا بولغان، تەقدىرىمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان ھېلىقى بۇلاقتەك كۆز، يېقىملىق چىراي، گۈزەل قامەت ئىدى. مەن تەمتىرەش، ئۇ بولسا ھەيرانلىق ئىلكىدە بىر - بىرىمىزگە تىكىلىپ خېلى ئۆزۈنغىچە تۇرۇشۇپ قېلىشتۇق.

— سىز، سىز شاۋكەتقۇ؟ بۇ يەردە ...

بايىقى ھودۇقۇش مېنى قايسى ھالغا چۈشۈرۈپ قويدىكىن تاڭ، قىزنىڭ سوئالىغا نەدىن جاۋاب بېرىشىمنى تامامەن ئۇنتۇغا-

نىدىم، شۇ پەيت ئۆزۈمنىڭ مۇھەببەت يولىدا تولىمۇ بىچارە ئىكەنلىكىمنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يەتتىم. ھە دېگەندىلا، بۇن-داق ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام، چوقۇم ئىدىيە جەھەتتە بولسىمۇ تەييارلىق قىلىۋالغان بولار ئى-دىم، لېكىن پۇرسەت ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

— مە... مەن خىزمەت تەقسىماتى بىلەن... سىزنى بۇنداق تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم.

قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى مېنى يەنە بىر قېتىم بۇ ئوسال ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى.

— بەك ياخشى بوپتۇ، قاچان كەلدىڭىز! ھە، شۇنداق قىلىپ بىر يۇرتلۇق بولۇپ قاپتۇق، قېنى مېڭىڭ، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ قالغان گەپلەرنى قىلىشايلى.

بۈگۈن مەن ئۇچۇن تولىمۇ خاسىيەتلىك كۈن بولدى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالدىم، ئادەتتىكى تېمىلاردا بولسىمۇ خېلى مۇڭ-دىشىۋالدىم، ھازىرچە مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ مەن ئۇچۇن خېلى يېتەر-لىك.

ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە نەزەر تاشلىدىم، ئىچىمدىكى راست گەپ-نى قىلسام ئۇ ماڭا ئىلگىرىكىدىنمۇ ئوماق ۋە سۆيۈملۈك كۆرۈ-نۈپ كەتتى... ئۇ تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئالبومىدىن ئاستىلا بىر پارچە رەسىمنى ئېلىۋالدىم - دە، ئۆز - ئۆزۈمدىن خىجىل بولغان ھالدا نومۇس ئارىلاش كۈلۈپ قويدۇم...

كۈنلەر ئالدىراش ئۆتمەكتە، ھېسابلاپ باقسام بۇ يەرگە كەل-گىنىمگىمۇ ئىككى ئايدىن ئېشىپتۇ، يېقىندا ئاينۇر ماڭا ئادىل ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىنى تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئاق يۈزلۈك، چىرايلىق كەلگەن بۇ يىگىت ئاينۇرنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتى-كى ساۋاقدىشى بولۇپ، مېنى دائىم دېگۈدەك يوقلاپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ مېنىڭدىنمۇ ئۆتەر كەم سۆز ئىدى.

ئىشقىلىپ ھاياتىم بەكمۇ تەنھالىقتا ئەمەس ئىدى. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئەنە شۇنداق بىرلا رىتىمدا ئۆتۈشى بىلەن كاللامنى نۇرغۇنلىغان ئەنسىز خىياللار چىرمىۋېلىشقا باشلىدى. باشتا بۇ يەرگە كەلسەملا بارلىق ئازابلاردىن خالىي بولىمەنغۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمەلىيەتتە بولسا ئەھۋال ئەنە شۇنداق. كۆڭلۈمدىكىنى ئاينۇرغا بۇگۈن دەيمەن، ئەتە دەيمەن دەپ قانچە قېتىم بىلىمنى باغلاپ، قانچە قېتىم يېنىۋالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ ساناپ بېرەلمەيمەن.

مۇشۇ كۈنلەردە ئاينۇر تولىمۇ جىمغۇر بولۇپ كېتىۋاتاتتى، نېمە سەۋەبتىندۇر ماڭا قارىسىلا يۈزى قىزىرىپ كېتەتتى. مەن بۇلارنى سېزىپ تۇراتتىمۇ، لېكىن تېگىگە زادىلا ئويلاپ يېتەلمىدىم. ئەمدىلىكتە بۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىقتا ئۆتۈۋېرىشنىڭ قىلچىمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، شۇڭا بۇگۈن نېمىلا بولمىسۇن ئېغىز ئېچىشنى قارار قىلدىم ۋە شۇ مەقسەت بىلەن ئۇزاق ئويلىنىپ ئاخىر مۇنداق بىر ياخشى ئامال تاپتىم - دە، تېلېفوننى قولۇمغا ئالدىم، ماڭا نىسبەتەن بۇ چارە تېخىمۇ مۇناسىپ ئىدى، ئالدى بىلەن قولياغلىقىمنى تېلېفوننىڭ سۆزلەش تۇرۇپكىسىغا ئاۋايلاپ ياپتىم - دە، تېلېفون نومۇرىنى باستىم، شۇئان ئاينۇرنىڭ تونۇش زىل ئاۋازى خۇددى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى.

— ۋەي، ياخشىمۇسىز؟ سىز كىم؟ كىمنى ئىزدەيسىز؟

— ئاينۇرمۇ سىز؟ ھە، مەن شاۋكەت، ياق، مەن شاۋكەتنىڭ يېقىن دوستى. سىزگە دېمىسەم بولمايدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى. ھە، شۇنداق.

ئۆزۈم قىلغان ئالدامچىلىقتىن ئۆزۈم تەمتىرەپ پېشانەمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى ۋە ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا قولياغلىقىمنى بايىقى ئورنىدىن ئېلىپ تەرلىرىمنى سۈرتكەچ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم.

— دوستۇم شاۋكەت سىزنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەچ بۇ يەرگە پەقەت سىزنى دەپ...

— شاۋكەت، سىز مېنى بۇنداق ئالدىغۇچە ...

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان هامان بېشىم پىرقىرىدە قېيىپ، قولۇمدىكى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قانداقلارچە قويۇپ قويغانلىقىمنى بىلمەي قالدىم، ئېچىمدە بولسا ئۆز - ئۆزۈمگە نىدا قىلاتتىم.

ياق، ئاينۇر! مەن سىزنى ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنى ئالدىدىم...

بىر چاغلاردا ئېسىمگە كېلىپ قاتتىق پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم، ئىسىت هېچبولمىغاندا ئۇنىڭ دېمەكچى بولغان سۆزىنى ئاخىرىغىچە بولسىمۇ ئاڭلاپ باققان بولسامچۇ كاشكى...

شۇ ئىشتىن كېيىن ئۆزۈمنى يوقىتىپلا قويدۇم، كېچىنىرى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى، بىر تەرەپتىن پۇشايمان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇمىدسىزلىك مېنى خۇددى تىرىك مۇردىغا ئوخشىتىپلا قويغانىدى. ئاقىۋەتتە شۇنى ئويلاپ يەتتىمكى، مەن ئاينۇرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، هاياتىمدا ئەڭ زور خاتالاشقانىدىم...

## 6

مەن يىغلاۋاتاتتىم. هاياتىمدا تۇنجى قېتىم بىر يات جىنس ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي بىچارە ئىكەنلىكىمنى ئاشكارىلاۋاتاتتىم.

ياق، ئۇمۇ يىغلاۋاتاتتى. ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆزىدىن توختىماي سىرغىۋاتقان ھەسرەتلىك ياشلار قەلبىمىزدىكى ئۆزۈندىن بۇيان دېيىشەلمىگەن گەپلەرنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ دېيىشىۋېلىشىمىزغا زادىلا ئىمكان بەرمەيتتى.

ئاينۇر كېتەر چېغىدا ماڭا بىر پارچە خەت بىلەن مۇنۇ بىر ئېغىز سۆزنى قالدۇرۇپ كەتتى.

«مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن سىز جۇرئەتسىز، مەن ئاجىز!»

ئاھ! تۇنجى مۇھەببىتىم ئۈچۈن باغلىغان ئەقىدەم زادى كىم تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىندى، مەنمۇ؟ ئاينۇرمۇ؟ ۋە ياكى تەقدىرمۇ؟

بۇ سوئالغا ھەتتا بىر ئۆمۈر ئىزدىسەممۇ جاۋاب تاپالمايدىغاندەك قىلاتتىم.

خەت مۇنداق يېزىلغانىدى.

«شاۋكەت:

مەن سىزنى ئۇنتۇغانىدىم. ياق، ئۇنتۇش ئۈچۈن ھايات. تىمدا ئەڭ زور قۇربان بېرىش ئالدىدا تۇراتتىم، لېكىن ھېچ ئويلىمىغان يەردىن تەقدىر بىزنى يەنە بىر قېتىم تولىمۇ كېچىكىپ ئۇچراشتۇرۇپ قويدى. دېمەك، سىز بۇ يەرگە كېلىش بىلەن مېنى ھەم ئۆزىڭىزنىمۇ تۇگىمەس ئازابقا مۇپتىلا قىلدىڭىز...

سىزنى بىز تونۇشۇشتىن خېلى بۇرۇنلا سىرتتىن بىلەتتىم، سىز تولىمۇ ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز ئىدىڭىز. خۇددى باشقىلار تەرىپلىگەندەك (بولۇپمۇ قىزلار تولىراق شۇنداق ئاتايتتى) تالىپ مىجەز يىگىت ئىدىڭىز، لېكىن سىزنىڭ كەسىپ ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى كىشىنى قايىل قىلغۇدەك ئىقتىدارىڭىزغا پەقەت مەنلا ئەمەس، مەكتەپتىكى مەنمەن دېگەن خېلى قىزلارمۇ ھەۋەس قىلاتتى. سىزدە باشقا يىگىتلەرگە ئوخشاش كىشىنى جەلپ قىلارلىق شوخلۇق كەمدەك قىلىسىمۇ، لېكىن جەلپ قىلارلىق بىر خىل سېھرىي كۈچ بار ئىدى. قىزلار سىزگە يېقىنلىشىشقا پېتىنالمايتتى، سىزمۇ ھەم خالىمايتتىڭىز. لېكىن سىزنىڭ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىنىۋاتقان مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىڭىزنى ئوقۇغان

ھەر بىر كىشى سىزنى خۇددى بېشىدىن خېلى ئىشلار ئۆت-
كەن شائىر ئوخشايدۇ، دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتى،
ئەمەلىيەتتە سىز ئىلگىرى بىرەر قىز بىلەنمۇ ئارىلىشىپ
باقمىغانىكەنسىز. راستىنى ئېيتقاندا، ئەينى چاغلاردا مەك-
تەپتىكى بەزى قىزلار ھەتتا سىزنىڭ پۈتكۈل ھايات تارىخى-
ڭىزنىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ ئىگىلەپ بولغانىدى.

كېيىنچە بىز تونۇشۇپ قالدۇق، مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ
خۇشال ئىدىم، بولۇپمۇ ھېلىقى ئايدىڭ كېچە خىيالىمدىن
ھەرگىز كەتمەيدۇ...

شۇ ئاخشىمى سىز ماڭا يىراقتىنلا تىكىلىپ قالدىڭىز،
كېيىن ئارقامدىن ئۈن - تىنسىز ئەگىشىپ تاكى قىزلار
ياتاق بىناسى ئالدىغىچە كەلدىڭىز، ئاندىن ئۇ يەردە ساق بىر
سائەت تۇردىڭىز، باشتا سىزنىڭ بۇ قىلىقىڭىز ماڭا ھار
كېلىپ ئاچچىقلاندىم، لېكىن ئاز ئۆتمەي مەنمۇ ئىختىيار-
سىز خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولدۇم...

سىز شۇنىڭدىن بېرى ئەتراپىمدا پەرۋانە ئىدىڭىزيۇ،
قەلبىڭىزدىكىنى ئاشكارىلىيالمايتتىڭىز، بۇ ھال مېنى تو-
لىمۇ ئازابلايتتى، چۈنكى مەندىمۇ سىزگە نىسبەتەن گۈزەل
بىر تۇيغۇ شەكىللەنگەنىدى ...

ئاقىۋەت، سىزنىڭ ئەنە شۇ جۈرئەتسىزلىكىڭىز مېنىڭ
سىزگە بولغان نازۇك ھېسسىياتىمنى خورلىدى، پراكتىكى-
نى ئىنتىزارلىق بىلەن ئاران دېگەندە تۈگىتىپ كېلىپ
سىزنى ھېچ يەردىن تاپالمىدىم، يىغلىدىم، قاقشىدىم، ئا-
خىر سىزدىن نەپرەتلىنىشكە باشلىدىم، ئۆز - ئۆزۈمگە
ئېچىنىپ، سىزنى ئۇنتۇش قارارىغا كەلدىم، دېمىسىمۇ ماڭا
ئۇنىڭدىن باشقىمۇ ئامال يوق ئىدى.

ئارىدىن توپتوغرا بىر يىل ئۆتۈپ سىز يەنە مېنىڭ كۆز
ئالدىمدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدىڭىز، ئەپسۇس، بۇ

چاغدا بىز تولىمۇ، تولىمۇ كىچىككەنىدۇق. ئەگەر سىزدە باشتىلا مانا مۇشۇنداق جۇرئەت بولغان بولسا، ھېچبولمىغاندا مېنىڭمۇ قەلبىمنى ئازراق بولسىمۇ چۈشەنگەن بولسىڭىز، بەلكىم ھازىرقى ئىشلار تامامەن باشقىچە بولغان بولاتتى.

مەن ھازىر ئىلگىرى سىزگە تونۇشتۇرغان ئادىل بىلەن توي قىلىش ئالدىدا تۇرىمەن، ئۇمۇ مېنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدۇ، ئەمدىلىكتە بىز ئۆزىمىزنىڭ بەختىنى دەپ ئۈچىنچى بىر كىشىنى مەڭگۈلۈك ئازابقا قويۇشقا ھەقلىق ئەمەسمىز.

شاۋكەت، بۇ دۇنيادا ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق بەختسىزلىكى بولىدۇ، ئۆز تەقدىرىمىزگە تەن بېرەيلى، مەن مەلۇم بىر كىتابتىن «دەسلەپكى مۇھەببەت باشتا ھەرقانچە مۇھىم تۇيۇلغىنى بىلەن كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا سۇسلىشىپ ئۇنتۇلىدۇ» دېگەن جۈملىلەرنى ئوقۇغانىدىم. كېچىككەنلىكىڭىزنى ئېتىراپ قىلىڭ، شاۋكەت، كەلگۈسى تۇرمۇشىڭىز ئۈچۈن مېنى ئۇنتۇڭ، ئەمدىلىكتە مەن سىز ئۈچۈن پەقەت قادىر ئاللادىن بەخت ئاتا قىلىشنى تىلەشتىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن، مېنى كەچۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىپ:

ئاينۇر»

ئۆزۈمگە بەختسىزلىك ۋە ئۈمىدسىزلىك ئەكەلگەن بۇ خەتتىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيلا قالدىم، خەت ماڭا ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد چىرىغىنىڭمۇ ئۆچكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى…

# 7

قولۇمدىكى ئاينۇرنىڭ توي باغىقى، مەن بۇ كۈننىڭ ھامان يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم، شۇڭا توي كۈنىمۇ سوغۇق قانلىق بىلەن ياسالما خۇشاللىقىمنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتىم.

ئاھ ئاينۇر، زورمۇزور كۈلۈشنىڭ ھەسرىتىنى بىلەمسىز؟ بۇ كۈلكىلىرىم پەقەت سىزنىڭ خوشاللىقىڭىز ئۈچۈن، ئۆزۈمگە بولسا بىردەملىك ھاي بېرىش ئۈچۈنلا، خالاس!

توي زالىغا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كىرىپ كېلىۋاتقان بىر جۈپ ياشقا تىكىلدىم. ئاينۇر بۈگۈن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، يارىشىملىق توي كىيىمى ئۇ-نىڭغا ئاجايىپ لاتاپەت ۋە گۈزەللىك ئاتا قىلغانىدى. ئۆپكەم ئۆرلەپ، خامۇش ھالەتتە بۇ بىر جۈپ ياشقا تىكىلگەن دەل شۇ پەيتتە، كۆزلىرىم ئاچچىق ياشلارغا تولدى. ئۆز بەختىنى ئەيمەن-مەي تۇرۇپ ئۆزى ئۈچۈن سەدپارە بولغان بىر بەختسىز ئالدىدا ئېتىراپ قىلىۋاتقان بۇ ۋاپاسىز بەختلىككە چوڭقۇر نەپرەت ھېس-لىرىم قوزغالدى، ئەسلىدە مەن ئېرىشمەكچى بولغان بەخت ئۇ-نىڭ ئىلكىدە ئىدى، لېكىن ئۇ بەختنى باشقىلارغا، بۇ بەختكە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولمىغان ياتلارغا بەردى، بۇ زادى نېمە ئۈ-چۈن؟

ئاھ، قىزلار! سىلەر ئۈچۈن ئاشىقلارنى زار يىغلىتىش گۇناھ ئەمەسمۇ؟...

ئۇنىڭ شۇ پەيتتىكى ھالىتى مېنى ساراڭ قىلىۋەتتى، بۇ-رۇن ئۇنىڭغا تەلۋىلەرچە ئاشىق بولغان بولسام، ئەمدىلىكتە ئۇ-نىڭدىن نەپرەتلىنىشكە باشلىدىم، لېكىن بۇلار مېنىڭ بىردەملىك

سەۋدايى خىيالىم، خالاس. ئەگەر ئۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدەك شۇنچە بەختلىك بولغان بولسا ئەكسىچە ماڭا قاراپ تىكىلگىنىدە ئىككى تامچە ھەسرەتلىك يېشى ئاقمىغان بولاتتى.

شۇئان مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ يۇرتقا تولىمۇ ئارتۇقچە ئىكەنلىـ كىمنى ھېس قىلىپ قالدىم.

ياق، ئاينۇر، مەن ئۇچۇن ھەسرەتلىك ياشلىرىڭىز مەڭگۈ ئاقمىسۇن، خاتىرجەم بولۇڭ، سىز ئۇچۇن، بەختىڭلار ئۇچۇن بۇ يۇرتتىن كېتەي، كۆزىڭىزدىن مەڭگۈ يىتەي، مېنى ئۇنتۇڭ، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن ئۆز ھەسرىتىمنى ئۆزۈم ئۇچۇن ئەڭ مەخـ پىي دەپ بىلگەن جايغا يوشۇرۇپ قويىمەن...

*　　　*

دوستۇمنىڭ خاتىرىسى مانا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاخىرلاشـ قاندى، ئۇنىڭ مېنىڭ نامىمدا قالدۇرۇپ كەتكەن خېتىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق.

«مەن سىزنى ھاياتىمدىكى تۇنجى سىردىشىم، ئەڭ ياخشى دوستۇم دەپ بىلىمەن، چۈنكى سىز ماڭا دەسلەپكى چاغلاردىلا ناھايىتى ياخشى تۇيغۇ بەرگەنىدىڭىز، لېكىن بىز بىرەر قېتىممۇ سىردىشالمىدۇق، مەن سىزنىڭ ئاينۇرنىڭ ئاكىسى ئىكەنلىكىڭىزدىن خەۋەر تاپقىنىمدا ئۆز تەقدىرىمگە يەنە بىر قېتىم نەپرەتلەندىم، ئىچىمدىكى بارلىق سىرلىرىمـ نى مۇشۇ خاتىرە ئارقىلىق (گەرچە ئۆزۈمگە ئەخمىقانە بوـ لۇپ تۇيۇلسىمۇ) ئۆزۈم ئەڭ يېقىن دوست دەپ بىلگەن كىشىگە ئاشكارىلايمەن دېگەن نىيەت مەندە باشتىلا بولغىنى ئۈچۈن ئۆز لەۋزىمدىن يانالمىدىم، مېنى پەقەت يېقىن

دوست تەرىپىدە تۇرۇپ چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، خىزمىتىڭىزگە ئۇتۇق، تېنىڭىزگە چەكسىز ئامانلىق تىلەپ:

بەختسىز دوستىڭىز شاۋكەت»

مەن بۇ ئىككى ياش توغرىسىدا نېمىمۇ دېيەلىشىم مۇمكىن، بۇ دۇنيادا تۇنجى مۇھەببەتنىڭ ھەسرىتىنى چەكمىگەن، ئۆز بەختىنى قوغلاشمايدىغان كىممۇ بار دەيسىز؟ سىڭلىم ئاينۇرنىڭ سۆزى ھەقىقەتەن توغرا ئىدى: «مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن سىز جۇرئەتسىز، مەن ئاجىز».

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە خاتىرىنى پوچتا ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەردىم ۋە «بۇ دۇنيادا ئەگەر ئۇزتۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەلەيدىغان كىشىلەرلا، ئۆز ھاياتىدا تېخىمۇ كۆپ ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيدۇ» دېگەن بىر جۇملە سۆزنى قوشۇپ قويدۇم.

# مەڭگۈلۈك گارمون

## 1

گۈلزىيەنىڭ قولىدىكى خەتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا تىكىلگەندىكى ئاشۇ بىر جۈپ شەھلا كۆزىدىن مەن ئىلگىرى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ يېقىملىق بىر خىل جىلۋىنى كۆرگەندەك بولدۇم ـ دە، شۇئان پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى ...

— خۇشالمۇسىز، رىشات؟ — دەپ سورىدى ئۇ ماڭا قاراپ تەبەسسۇم بىلەن، — سىز بىلەن ئاقىۋەتتە بىر يۇرتلۇق بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن!

گۈلزىيە بىلەن شۇنچە يىللار بىر سىنىپتا ئوقۇغان بولسامۇ، لېكىن ھازىرغىچە ئۇنىڭغا نىسبەتەن مەندە تازا ئېنىق بىر چۈشەنچە يوق ئىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنى سىنىپتىكى خېلى ـ خېلى قىزلارغا تەڭ قىلغۇم كەلمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئۆگىنىشتە تىرىشچان، چىرايلىق قىز ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئادەتتە ئۇ تولىمۇ تەكەببۇر كۆرۈنەتتى، ئاسانلا باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قوياتتى...

ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇنى بىرەر ناتونۇش يىگىت ئىزدەپ قالسا ياكى شۇ توغرۇلۇق بىرەر گەپ ـ سۆزنى ئاڭلاپ قالسام، كۆڭلۈم شۇ ھامان بىر قىسىملا بولۇپ قالاتتىيۇ، بىراق ھېچقاچان ئىپادە بىلدۈرەلمەيتتىم، دېمەك، مەندىكى بۇ خىل ھېسسىيات پەقەت ئۆزۈمگىلا ئايان ئىدى ...

— ھەيران بولۇشقا ھەقلىقسىز، گۆلزىيە، شۇنىڭغا ئىشە-
نىڭكى، خۇدايىممۇ بەندىسىنى تىلىكىگە يەتكۈزىدىكەن!
گۆلزىيە ماڭا قاراپ «ۋىلللىدە» قىزاردى ـ دە، قولىدىكى
خەتنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىپ دەرھال سىنىپتىن چىقىپ
كەتتى...
خەت ئەسلىدە دادامدىن كەلگەنىدى، ئائىلىمىز بىر ئاي
ئىلگىرى دادامنىڭ ئەسلىي يۇرتىغا، يەنى گۆلزىيەلەرنىڭ يۇرتىغا
كۆچۈپ كەتكەنىدى.
ئائىلىمىزنىڭ كۆچىدىغانلىقى ھەققىدە ئىلگىرى ئاز ـ تولا
خەۋىرىم بولسىمۇ، لېكىن مېھرىبان ئاپامنىڭ روھىي ھالىتىگە
قاراپ، بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تازا ئىشەنچ قىلالمىغان-
دىم، ئەمدىلىكتە بولسا ئەھۋال...
كىچىك چاغلىرىم ئىدى، بىر كۈنى ئۆيىمىزگە نەلەردىندۇر
بىر توپ مېھمانلار كېلىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كەتتى. مەن
ئۇلارنىڭ مەن دېمەتلىك قوڭۇر چاچلىق كىچىك قىزى بىلەن
ئاسانلا چىقىشىپ كەتكەنىدىم، قىز بويىنىغا بىر دانە گارمون
ئېسىۋالغان بولۇپ، ئاۋازى تولىمۇ ساز ئىدى. بىز ھەر كۈنى
ئۆيىمىز ئالدىدىكى مېۋىلىك بېغىمىزدا كۆڭۈللۈك ئوينايتتۇق،
كېتەر چاغدا قىز ماڭا گارموننى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى، بىزنىڭ
ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيماي يىغلىۋەتكىنىمىز ھېلىمۇ يادىمدا...
زېرىكسەملا ھېلىقى گارموننى چالاتتىم، قىز بىلەن خىيالەن
مۇڭدىشاتتىم، قىز بەزىدە چۈشۈمگىمۇ كىرىپ قالاتتى...
«گارمون چېلىشنى ئۆگەندىڭىزمۇ؟» دەپ سورايتتى ئۇ ھەر
قېتىم.
مەن چۈش كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم، چۈنكى پەقەت چۈ-
شۈملا كۆپ ھاللاردا مېنى گۆزەل گۆدەكلىك چاغلىرىمغا قايتۇ-
رۇپ ئاپىرىپ قوياتتى. ئاشۇ چاغلارنىڭ خاتىرىسى بولغان گار-
موننى يېنىمدىن زادىلا ئايرىغىم كەلمەيتتى، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ

قىلىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايتتىم...

ئەمدىلىكتە بولسا ئەنە شۇ گۈدەكلىك چاغلىرىمنىڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرى قالغان، مېنى زور ئۈمىدلەر بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئۇزاتقان ئانا يۇرتۇمدىن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئايرىلىپ قالـغانىدىم...

## 2

مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلار ئاخىرلىشىپ، بۈگۈن مانا گۈلزىيە بىلەن بىللە ناتونۇش يۇرتۇمغا قاراپ يولغا چىقتىم.

ئاپتوبۇسنىڭ بىر خىل رىتىمدا يېنىك چايقىلىشى، گۈلزىـيەدىن كېلىۋاتقان ئەتىرنىڭ خۇشبۇي ھىدى، يۇرتىمغا قايتقان ستۇدېنتلارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى بىلەن شېئىرىي ھېسلىرىم ئۇرغۇپ يىراقلارغا نەزەر تاشلايتتىم.

تۇرۇپلا خىيالىمغا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم رابىيە كېلىپ قالدى، ئىختىيارسىز ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىم.

رابىيەمۇ خۇددى گۈلزىيەگە ئوخشاش تىرىشچان، تەكەببۇر قىز ئىدى. تۆكۈلۈپ تۇرغان كىرپىكلىرى، قوڭۇر چاچلىرى پەقەت مېنىلا ئەمەس باشقىلارنىمۇ ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى.

مەن ئوقۇشقا ماڭىدىغان كۈنى رابىيەنى بېكەتتە يىراقتىن كۆردۈم، بەلكىم ئۇ يىغلاۋاتقان بولسا كېرەك، قولياغلىقى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قوياتتى...

كېيىنچە ئۇنى باشقىلاردىن خېلى سۈرۈشتۈرگەن بولساممۇ، ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدىم. كۆپ ئۆتمەي باشقا بىر ساۋاقدىشىمـنىڭ نامىدا كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ئەمەلـيەتتە خەتنى رابىيە يازغانىكەن.

خەت ئۇزۇن، تەسىرلىك يېزىلغانىدى. خەتنى رابىيەنىڭ

ماڭا يازغان تۇنجى ۋە ئاخىرقى خېتى دېگەندىن كۆرە، ئۇنىڭ ماڭا بولغان پاك مۇھەببىتىنىڭ مەجبۇرىي نىكاھ ئالدىدىكى ئارمان بىلەن تويۇنغان بىر تامچە يېشى دېيىشكە بولاتتى...

ئۇنىڭ خېتىنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇدۇم، ھاياجانلاندىم، ئۇنىڭ تەقدىرىگە ئېچىندىم، ئۇنىڭغا خەت يازماقچى بولۇپ، نەچ-چە قېتىم قولۇمغا قەلەم ئالدىم، لېكىن خەتنى قانداق يېزىشنى بىلمەيتتىم...

گۈلزىيە خىيالچان ھالدا بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇراتـ-تى. مەن ئۇنىڭ شۇ ھالىتىگە قاراپ، بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ھېلىقى قوڭۇر چاچلىق كىچىك قىزنى ئىختىيار-سىز ئەسلەپ قالدىم... بەلكىم ئۇ ھازىر تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەندۇ. ئېھتىمال ئۇمۇ بىرەر ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ، خۇددى گۈلزىيەگە ئوخشاش يىگىتلەرنى قەستەن ئازابلاپ، شۇنىڭ بەدى-لىگە كۆلۈپ يۈرگـەنـدۇ ۋە ياكى بىز تونۇش بولغان ناتونۇشلار-دەك ھەر دائىم ئۇچرىشىپ يۈرگەندىمىز...

ئەگەر ئۇ گۈلزىيە بولۇپ قالسىچۇ؟

ياق، ياق! بۇ مۇمكىن ئەمەس! چۈنكى ئۇ بىزنىڭ يۇرتقا بېرىپ باقمىغانلىقىنى ئىلگىرى ماڭا دېگەن...

گۈلزىيە بېشىنى ئىختىيارسىز ھالدا يەلكەمگە تاشلىدى، ئېنىقكى ئۇ ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چاچلىرىدىن، پۈتۈن جىسمىدىن تارقىلىۋاتقان بىر خىل سېھىرلىك پۇراق مېنى پۈتۈن-لەي مەست قىلىۋەتتى. شۇئان نەپەسلىرىم ئىتتىكلەپ، يۈرىكىم تېپچەكلەشكە باشلىدى. مەن گۈلزىيەنىڭ بىردەم بولسىمۇ ئوي-غانماسلىقىنى يولنىڭ مەڭگۈ تۈگىمەسلىكىنى نەقەدەر ئۈمىد قىلاتتىم...

شېرىن خىيالىمنى تېخى ئاخىرلاشتۇرمايلا، گۈلزىيە چۆ-چۈپ ئويغىنىپ كەتتى ۋە شۇئان يەرگە قارىۋالدى...

مەن ئەپسۇس ۋە ھاياجان ئىلكىدە خىيالىمنى داۋاملاشتۇر-دۇم. ئاپئاق كۆڭلەكلىك گۈلزىيە ئاق تۇمانلار ئارىسىدىن ماڭا

قاراپ كېلىۋاتاتتى، دولقۇنسىمان قوڭۇر چاچلىرى يەلپۈنەتتى، خۇمارلاشقان كۆزلىرى ماڭىلا تىكىلگەن بولۇپ، گۈل بەرگىدەك نېپىز لەۋلىرى يېرىم ئېچىلغانىدى··· پايانسىز كەتكەن يېشىل چىملىق ئۈستىدىكى سايىۋەن ئاستىدا، ماڭا، پەقەت ماڭىلا خاس بولغان ئاق پەرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن چىڭ قۇچاقلىدىم، لەۋلىرىگە قانماي سۆيدۇم ۋە چەكسىز بەخت ئىلكىدە بوش ئىڭىردەۋەتتىم···

مەن بۇ ئەسەبىي خىياللىرىمدىن ئەندىكىپ كەتتىم···

### 3

ئۆيگە كېلىپ بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ۋە پەتىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، دادام ماڭا خۇددى ياشىرىپ قالغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئەكسىچە، بىچارە ئاپام يەنىلا ئۆينىڭ تۈگمەس ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى···

ئاپامغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ياشىنىپ قالغاندا ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىش ئۇنىڭغا خېلىلا ئېغىر كەلگەندەك قىلاتتى.

ئويلىنىپ قالدىم! بۇ دۇنيادا پەقەت ئەرلەرنىڭلا گېپى گەپ، ئەرلەر ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتى، تۇغقانلىرى ئەزىز، ئەكسىچە ئاياللارنىڭ پېشانىسىگە ئەرلىرى ئۈچۈن ئۇن - تىنسىز قۇربان بېرىش پۈتۈلۈپ كەتكەنمۇ؟

مەن بۇ ناتونۇش يۇرتۇمغا كەلگىلىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە بىر ھەپتە بولۇپ قاپتۇ. ئۆيدىن چىقسام خۇددى ئۆزۈمنى بۇ يۇرتقا مېھماندەك، ئۆيگە كىرسەم يەنىلا ئۆز يۇرتۇمدەك سېزىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەگەر ئۆز يۇرتۇمدا بولغان بولسام، بەلكىم بۇ ۋاقىتقىچە ئويۇن - تاماشىدىن زېرىكىپ، ئۆيدە بىردەم بولسىمۇ ئارام ئېلىۋېلىشنىڭ كويىدا يۈرگەن بولاتتىم، لېكىن ئەمدىچۇ؟

— بالام رىشات، مېھمان كەلدى!

شۇئان ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم ـ دە، ھويلىغا چىقتىم.

— ئۆيدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، تۇغقانلار بىلەن تونۇشۇپمۇ بولغانسىز؟ — دەپ سورىدى گۇلزىيە ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ماڭا قاراپ، — بۇگۈن سىزنى ئۆيگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم.

گۇلزىيە بۇگۈن يارشىملىق كىيىنگەن بولۇپ، كۆزۈمگە تولىمۇ خۇشال ھەم باشقىچىلا سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كەتتى...

*　　　*

گۇلزىيەنىڭ ئۆيى بىزنىڭ ئۆيدىن ئانچە يىراقتا بولمىغان بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئىدى. ئۆي ئىـ چىدە بىر توپ قىز ـ يىگىت پاراڭـلاشـقـاچ مۇزىكا ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

— بۇياق مېنىڭ بىر مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم رىشات، ئۇلار بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن، — دېدى گۇلزىيە مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ.

قورۇنۇش ئىلكىدىكى تونۇشۇش ئاخىرلىشىپ، قىز ـ يىـ گىتلەرنىڭ ئوچۇق ـ يورۇق گەپ ـ سۆزلىرى، يىگىتلەرنىڭ لايىقىدا قىلغان چاقچاقلىرى بىلەن سورۇنغا خېلىلا ئۆزلىشىپ قالدىم.

سورۇندىكىلەر گۇلزىيەنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساـ ۋاقداشلىرى ئىدى. مەن ئۇلارغا ئاستا كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىـ دىم، كۆزۈم يان ئۈدۈلۈمدا ئولتۇرغان قىزنىڭ كۆزى بىلەن تويۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدى. دەل شۇ پەيتتە قىز دەرھال يەرگە قارىۋالدى، مەن ئىختىيارسىز باشقا تەرەپكە قارىۋالدىمىيۇ، ھەيـ ران قالدىم، چۈنكى بۇ قىزنى قاچانلاردىدۇر بىر يەردە كۆرگەنـ دەك قىلاتتىم، بەلكىم چۈشۈمدىدۇر ياكى ئۆزۈمگە شۇنداق تۇيۇـ

لۇۋاتقاندۇر، ئىشقىلىپ قىزنىڭ ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلىرى، بۇلاقتەك كۆزلىرى، ئاقلىقى، ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرى... ماڭا خۇددى ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا تۇيغۇ بېرەتتى، لېكىن ئۇنى قاچان، قەيەردە كۆرگەنلىكىم ئۆزۈمگە ئايان ئەمەس ئىدى. ئەمە-لىيەتتىمۇ مېنىڭ ئۇ قىزنى ئىلگىرى كۆرۈشۈم ناتايىن ئىدى. چۈنكى مەن بۇ يۇرتقا ئىلگىرى زادىلا كېلىپ باقمىغان، ئويلاپ باقسام گۈلزىيەنىمۇ يۇرتىدىن بۇ قىزغا ئوخشاش بىرەرى يوقلاپ كېلىپ باقمىغانىدى.

ئىختىيارسىز، كىچىك چاغلىرىمدا بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ھېلىقى قوڭۇر چاچلىق كىچىك قىزنى ئەسلەپ قالدىم ...

ناتونۇش بىر قىزنى تۇنجى كۆرۈش بىلەن ئويغانغان مەندىكى بۇ شېرىن گۇمان نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ ـ ھە! ...

تانسىنىڭ باشلىنىشى سورۇنىمىزنىڭ كەيپىنى كۆتۈرۈۋەت-تى، گۈلزىيەنىڭ ئەۋرىشىم بەللىرىدىن يېنىك قاماللىغان قولل-رىم ئىختىيارسىز تىترەيتتى، مەن بىلەن تانسا ئويناۋاتقان گۈل-زىيە بىردىنلا ھېلىقى قىزغا ئايلىنىپ قالغاندەك يۈرىكىم تېپچەكلەيتتى ...

ئىلگىرى مەن گۈلزىيە بىلەن تالاي قېتىم تانسا ئوينىغان، ھاياجانلانغان ۋە تەمتىرىگەنىدىم، شۇنداقلا شۇ كۆڭۈللۈك مىنۇت-لارنى كۈندىلىك خاتىرەمنىڭ بەتلىرىگە شېئىر قىلىپ كەشتىلە-گەنىدىم، ئەمدىلىكتە بولسا ئاشۇ كۆڭۈللۈك مىنۇتلار، يالقۇنلۇق شېئىرلار ماڭا تۇيۇقسىزلا ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندەك، ئۇنتۇ-لۇش ئالدىدىكى ئەسلىمىدەك تۇيۇلاتتى. ئەجەبا مېنىڭ ئەينى چاغدىكى ھېسسىياتلىرىم، ئاشۇ كۆڭۈللۈك مىنۇتلاردىكى خۇشال-لىقىم ساختىمۇ؟

راستىنى ئېيتقاندا، كىچىك ۋاقتىدا بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ھېلىقى قوڭۇر چاچلىق كىچىك قىزنى ھەر ۋاقىت

ئېسىمدىن چىقارماي كېلىۋاتاتتىم. ئۇنى چوقۇم بىر كۈنى مېنى توساتتىنلا ئىزدەپ كېلىپ تونۇشلۇق بېرىدىغاندەك ۋە ياكى ئۇ-نىڭدىن تۇيۇقسىزلا بىر پارچە خەت كېلىپ مېنىڭ تەقدىرىمنى بىراقلا ئۆزگەرتىۋېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم، ئەگەر ئۇ مۇشۇ قىزنىڭ ئۆزى بولۇپ قالسىچۇ؟

قىزغا ئوغرىلىقچە يەنە بىر رەت نەزەر تاشلىدىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆزۈن قايرىما كىرپىكلىرى ئاستىدىكى بۇلاقتەك كۆزلى-رى ماڭا ئادەتتىن تاشقىرى سېھىرلىك تۇيۇلماقتا ئىدى.

ئويلىنىپ قالدىم، كىچىكىمدىن تاكى بۈگۈنگىچە مېنى ئۆ-زىگە جەلپ قىلغان قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا چېچى قوڭۇر، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

— دوستۇم رىشات، — دەپ سۆز باشلىدى باياتىندىن بېرى ئۆزىنىڭ گەپدان، چىقىشقاقلىقى بىلەن ماڭا ياخشى تەسىر بەر-گەن پەرھات ئىسىملىك يىگىت باشقىلارنى تىنچلاندۇرۇپ، — ئىلگىرى مەن سىزنىڭ شېئىر - غەزەللىرىڭىزنى گېزىت - ژۇرناللاردىن كۆپ كۆرگەن، مانا بۈگۈن تونۇشۇپ، بىر يۇرت-لۇقمۇ بولۇپ قالدۇق. گۈلزىيەنىڭ ئېيتىشىچە شېئىرنىمۇ ياخ-شى ئوقۇيدىكەنسىز، مۇمكىن بولسا بىرلىكتە بەھرە ئالساق.

كۈتۈلمىگەن تەلەپ مېنى تېخى يېڭىلا تونۇشقان قىز - يىگىتلەر ئالدىدا تەمتىرىتىپ قويدى.

ئىلگىرى بىرنەچچە قېتىم بۇ خىل تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىم، لېكىن كۆپىنچىسى زاكوسكىمىز ئاددىي بولغان ياتاق ياكى باغچە ئولتۇرۇشلىرىمىزدا سۆيگۈ دەردى بار ساۋاقداشلىرىم-نىڭ ئۆتۈنۈشىدىن بولاتتى، لېكىن بۈگۈن...

ئەمدىلا ئۆزرە ئېيتاي دەپ تۇرۇشۇمغا گۈلزىيە دەرھال تامغا ئېسىقلىق گىتارنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. ئېنىقكى، سورۇندىكى-لەرنىڭ كۆزى، گۈلزىيەنىڭ ئۈمىدى مەندە ئىدى.

بىر پەس ئويلىنىپ ئۆزۈمنى بىر ئاز تۇتۇۋالغاندىن كېيىن،

گىتار تارىلىرىدىن تىترەپ چىققان رىتىملىق ئاھاڭغا تۆۋەندىكى شېئىرنى تەڭكەش قىلدىم:

خىسلەتلەر قىبلىسى قەلبىڭدە بىلسەڭ،
ياشاشنىڭ مەنزىلى مىسلىسىز سىرلىق.
ئەتىگە يۈكلەنگەن تەسۋىرسىز ئۈمىد،
ھاياتنىڭ تەبىرى شۇ قەدەر قىرلىق.
ھەيرانمەن ئەقلىمنى تاپقاندىن بۇيان،
سۆيگۈ سەن سۆيگۈ دەپ ئاتالدىڭ قاچان؟

بىر بۈيۈك ناخشىنىڭ ئەللەيلىشىدە،
رىتىمسىز پەدىدە تولغاندى يۈرەك.
كۆلكىلەر تەبىرسىز ئايلاندى مۇڭغا،
قەلبىڭدە بار نېمە سۆيگۈدىن بۆلەك!
ھەيرانمەن ئەقلىمنى تاپقاندىن بۇيان،
سۆيگۈ سەن سۆيگۈ دەپ ئاتالدىڭ قاچان؟
……

سورۇندىكىلەرنىڭ بەزىلىرى چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بول-غان، بەزىلىرى گىتار تارىلىرىغا ۋە ياكى قاياقلارغا تىكىلگەن شۇ خىيال كەيپىيات ئىچىدە، شېئىرىمنى تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن تاماملىدىم.

سەندە بار قۇياشنىڭ، پەسلى باھارنىڭ
گوياكى تەسۋىرسىز تەپتى، قىممىتى.
ئەسلىسەڭ بولمىغان ئىنساننىڭ ئەبەد —
سېنىڭسىز ھېچقاچان قەدرى - قىممىتى!

ھەيرانمەن ئەقلىمنى تاپقاندىن بۇيان،
سۆيگۈ سەن سۆيگۈ دەپ ئاتالدىڭ قاچان؟

ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قولۇمدىكى گىتارنى گۈلزىيەگە ئۇزاتتىم.

— يارايسىز، رىشات، — دەۋەتتى پەرھات ھاياجان ئىلكىدە، شۇئان گۈلزىيە قولياغلىقىنى ماڭا ئۇزاتتى، لېكىن ئۇ قىزنىڭ بېشىنى دەرھال تۆۋەن سېلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىمدە ئويلىنىپ قالدىم.

«بەلكىم ئۇ بىزنى خاتا چۈشىنىپ قالغاندۇ!»

## 4

ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئۆزۈمنى باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. مەقسەتسىزلا، ئۇنى - بۇنى تۇتۇپ قوياتتىم، ئۆزۈمنى يەنىلا بايىقى سورۇندا، قىزنىڭ يان ئۇدۇلىدا ئولتۇرغاندەك ھېس قىلاتتىم. قىزنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيتتى...

ئىشقىلىپ، قىزنى بىرەر يەردە كۆرگەندەك قىلاتتىم، لېكىن قاچان، قەيەردە كۆرگەنلىكىمنى زادىلا ئەسلىيەلمەيتتىم. ئېھتىمال تۇيغۇ بوشلۇقۇمدا شۇنداق بىر گۈزەل سىيما شەكىلسىز ھالدا ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەندۇ ۋە ياكى سۆيگۈ ئىلاھىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن يۈرىكىمدىكى سۆيگۈ بوشلۇقىنى تولدۇرۇپ، قەلبىمگە يات جىنسلارنىڭ بۆسۈپ كىرىشىنى ھەر ۋاقىت چەكلەپ كەلگەندۇ.

تەگسىز خىياللار ئىلكىدە قولۇمغا گۈلزىيەنىڭ تېخى بايىلا بەرگەن كەشتىلىك قولياغلىقى چىقىپ قالدى ۋە گۈلزىيە توغرۇلۇق ئويلىنىپ قالدىم.

ئۇ ئادەتتە ماڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، ئۆز ـ
ئارا ئۆگىنىش، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە قىزغىن مۇنازىرىلەر-
نى قىلىشاتتۇقيۇ، سۆيگۇ ـ مۇھەببەت، جۇملىدىن ئۆزىمىز توغ-
رىسىدا ئېغىز ئېچىشمايتتۇق، چۈنكى ئارىمىزدىكى «مۇناسى-
ۋەت»نى ئۆزئارا تەبىئىي ھالدا ھۆرمەت قىلاتتۇق، ئەمەلىيەتتە
قەلبىمدىكى راست سۆزنى قىلسام، ئۇنى باشقا ئوغۇللاردىن قىز-
غىناتتىم، ئۇمۇ مېنىڭ باشقا قىزلار بىلەن چاقچاقلىشىپ يۈرگەن-
لىكىمنى كۆرسە شۇئان دومسىيىپ قالاتتى، ئەمما
چاندۇرمايتتى ...
مەن ئۇلارنى كۆڭلۈمدە سېلىشتۇرۇپ باقتىم، چۈنكى مۇ-
ھەببەت يولىدا مېنىڭ ئىككىدىن بىرىنى تاللاش، ئىككىنىڭ
بىرىنى تاللىشىش ھوقۇقۇم بار، ئەلۋەتتە. ئېنىقكى، ھەر ئىككى-
لىسىدىكى تەبىئىي گۈزەللىك ئۆزگىچە ئىدى. لېكىن قىزنى
ئويلىساملا نېمە ئۈچۈندۇر گۈلزىيەنىڭ سېيماسى بارغانچە يىراق-
لىشىپ، غۇۋالىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. دېمەك،
قەلبىمدىكى ئىلگىرى ئۆزۈم سەزمىگەن قانائەتسىزلىك مېنى باش-
قىچىلا بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغاندەك قىلاتتى.
مەن ئۆزۈمنى ھەرگىزمۇ سۆيگۈ ئۈچۈن ساختا نىقابلاپ كەل-
گەنلەردىن ئەمەسمەن، لېكىن ئۆز ـ ئۆزۈمنى ھەقىقىي چۈشە-
نىشتە بۈگۈنكىدەك سىناقلارغا دۇچ كېلىشىم ھاياتىمدا پەقەت
مۇشۇ بىر دەپ ئېيتىشقا تامامەن ھەقلىقمەن. ئەمەلىيەتتە ھايا-
تىمدا مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلمايدىغان ئەسلىمىلەر... كىچىك ۋاقتىمدا
بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولۇپ كەلگەن قوڭۇر چاچلىق ھېلىقى
قىز، رابىيە، گۈلزىيە، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە يول كۆرسى-
تىشىمنى ئۆتۈنۈش ۋاستىسى بىلەن ماڭا تەلپۈنگەن، خەت ياز-
غان شەھلا كۆزلۈك «ھەۋەسكار» قىزلار...
مەن ئىلگىرى ئۆزۈمنى بۇنچىلىك ئۈجمە كۆڭۈل دەپ ئويلى-
مىغانىدىم، ئەمدىلىكتە بولسا، ئاشۇ ناتونۇش گۈزەلنى ياخشى
كۆرۈپ قالغاندەك قىلاتتىمىۇ، باشقىلاردىن ئايرىلىپ قېلىشنى

خالىمايتتىم...

*         *

— ئوغلۇم رىشات، — دەپ سۆز باشلىدى دادام بىر كۈنى ناشتىدىن كېيىن، — سەن كەلگىلىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، بۇ يۇرتنىڭ ساڭا قانداق تەسىر بەرگەنلىكىنى بىلمىدىم، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ نېمە قىلاي دەيسەن؟

دادامنىڭ مەندىن بۇ سوئالنى چوقۇم سورايدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

— بۇ ھەقتە تېخى ئويلانمىدىم، مۇمكىن بولسا تەقسىماتقا بويسۇنايمىكىن دەيمەن.

— سېنى كۆز ئالدىمىزدا تۇرسۇنمىكىن دەيمەن، قارىغاندا ئاپاڭنىڭمۇ سېنىڭدىن كۈتىدىغىنى شۇنداقتەك قىلىدۇ.

لام - جىم دېمىدىم، دادامنىڭ «ئەگەر خالىساڭ خىزمىتىڭنى ياخشىراق بىر جايدىن ئۇقۇشۇپ قويايلى» دېگەن سۆزىگە قارىغاندا مېنىڭمۇ تەقدىرىم ئاللىبۇرۇن بەلگىلىنىپ بولغاندەك قىلاتتى.

دادام مېنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ، يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا ئاپامنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— رىشات! بازارغا بېرىپ ئاز - تولا يېڭى كۆكتات ئەكىرگىن، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن داداڭنىڭ كونا دوستى ئابدۇللا ئەپەندىلەرنىڭ ئۆيىگە بارىمىز دېمىدۇقمۇ؟ ئۇلارنى ساقلىتىپ قويمايلى يەنە.

## 5

بىزنى چاچلىرى ئاق ئارىلىغان، پېشانىسىدە كىچىككىنە تارتۇقى بار ئابدۇللا ئەپەندى، ئايالى گۈلبەھرەم ھەدە خۇشال

قارشى ئالدى.

— ۋاي، بۇ رىشاتجانمۇ؟ مانا قارىمامدىغان، ھەش - پەش دېگۈچە چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ كەتكىنىنى،— دېدى ئابدۇللا ئەپەندى قىزغىنلىق بىلەن قولۇمنى سىقىپ،— تېخى تۇنۇگۈنلا تايتاڭلاپ يۈرەتتى، قېنى، قېنى ئالدى بىلەن ئۆيگە مەرھەمەت.

مەن ئاپامدىن ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ كادىرى ئىكەنلىكىنى، كىچىك ۋاقتىمدا ئۇلارنىڭ ئۆيىمىزگە بىر قېتىم بارغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم.

— تېخى يېقىندىلا سىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى تەرىپىڭىزنى دادىڭىزدىن ئاڭلاپ، تەرجىمىھالىڭىز بېسىلغان ژۇرنالنىمۇ ئىزدەپ تاپتىم،— دېدى ئابدۇللا ئەپەندى گەپ ئارى-لىقىدا،— يارايسىز، ئوغلۇم.

مەن بىرئاز خىجىل بولغاندەك دادامغا قارىدىم، لېكىن دادام پۈرسەتنى قولدىن بەرمىدى:

— دەسلەپكى چاغلىرىدا يازغان ئەسەرلىرىنى ئوخلاپ قالسام يۈزۈمگە سۈركەپ كېتەتتى بۇ كەپسىز، مانا ئەمدى چوڭ بولۇۋې-لىپلا ئاپىسى تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ، مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى.

باشقىلار كۈلۈشۈپ كەتتى، ئاپام ئىككى بىسلىق گەپ قى-لىپ، دادامنى گەپتە چېقىۋالغانمۇ بولدى.

— ئىلگىرىكىلەر يولنى ئۆزلىرى تاپقان،— دېدى ئابدۇللا ئەپەندى ماڭا قاراپ،— سىلەر ياشلار بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئىزدىنىن-شىڭلار كېرەك، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىڭىز ھەققىدە يەنە قانداق پىلانىڭىز بار؟

ئۆز قىزىقىشىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

— يەنىلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بەلگىلىك نەتىجە قازىنالايمىكىن دەيمەن.

— ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن تاللاش ھەممىدىن مۇھىم،— دېدى ئابدۇللا ئەپەندى مېنى قوللاپ،— ئىرادىڭىز بولسىلا

چوقۇم ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالايسىز!
ئاڭغىچە تاماق تارتىلىپ سۆھبىتىمىز ئۈزۈلدى. تاماقتىن كېيىن ئابدۇللا ئەپەندى كۆڭلۈمنى چۈشەنگەندەك مېنى ئۆزىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا باشلاپ قويۇپ، دادام بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.
شۇ پەيتتە مېنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرغىنى كىتاب ئىشكاپىغا تۇشۇپ كەتكەن ھەر خىل كىتاب - ژۇرناللار بولماستىن، بەلكى يېزىق ئۈستىلىگە تىزىپ قويۇلغان ھېلىقى قىزنىڭ رامكىغا ئېلىنغان ئىككى پارچە رەڭلىك سۈرىتى بولدى...
قىز ماڭا قاراپ سىرلىق كۈلۈپ تۇراتتى، شۇئان كۆڭلۈمدىكى گۇمان يېشىلدى. دېمەك، ئۇ ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ قىزى بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدا بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولۇپ بارغان ھېلىقى قوڭۇر چاچلىق قىز — قۇندۇزئاينىڭ ئۆزى شۇ!
قولۇمدا كىتاب، كۆزۈم سۈرەتتە ئىدى. قۇندۇزئاي بىر تۇرۇپ ماڭا سۈرەت رامكىسىدىن ھازىرلا سەكرەپ چۈشىدىغاندەك تۇيغۇ بەرسە، يەنە بىر تۇرۇپ ماڭا تەكەببۇرلۇق بىلەن تىكىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىشقىلىپ، دىققىتىم چېچىلىپ، خىياللىرىم قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى...

## 6

ئاخىر تىلىكىمگە يەتكەنىدىم، تۇرمۇشۇمغا ئاجايىپ لىرىكىلىق بىر مەزمۇن قوشۇلغاچقىمۇ ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلاتتىم، گارمونغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ كېتەتتىم.
گاھىدا گۈزەل ئەسلىمىلەر قوينىغا غەرق بولسام، بەزىدە شېرىن خىياللارغا چۆمۈپ كېتەتتىم، تەسەۋۋۇرۇمدا قۇندۇزئايمۇ ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى دوستىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى...
بىر يەكشەنبە ئەتىگىنى گۈلزىيە بىلەن پەرھات مېنى ئىزدەپ

كەلدى.

— ئۇزۇن بولدى، سىزنى تاشلىۋەتتۇق، — دېدى پەرھات چاقچاق ئارىلاش، — كېيىنچە ئەمەلدار بولۇپ قالسىڭىز بىزنى ئۇنتۇپ قالمىغاي دەپ بىر كۇنلۇك ساياھەت ئورۇنلاشتۇردۇق.

قانغۇدەك بىر ئويناپ كېلەيلى، قېنى مەرھەمەت، باشقىلار ساقلاپ قالدى.

قىز - يىگىتلەر ئارىسىدا قۇندۇزئاي كۆرۈنمەيتتى، شۇئان كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي مەندىكى ئەندىشە يوقىقا چىقتى، چۇنكى ماشىنا ئۇدۇل ئابدۇللا ئەپەندىلەرنىڭ، يەنى قۇندۇزئايلارنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ماشىنا دوقمۇشتىن قايرىلىشىغىلا مېنى ئۆزىگە پۇتۇنلەي ئەسىر قىلىۋالغان ھېلىقى گۈزەل قامەت كۆزۈمگە خۇددى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىر پارچە ئوتتەك كۆرۈنۈپ كەتتى…

*         *

ماشىنا چۇشكە يېقىن شەھەردىن خېلى يىراققا جايلاشقان مەجنۇنبۇلاق يېزىسىغا يېتىپ كەلدى.

— سىلەرنى تولا ساقلاپ كۆزلىرىمىز تۆت بولۇپ كەتتى، — دېدى ئالدىمىزغا چىققان يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدىكى بويى ئېگىز بىرى ھەييارلىق بىلەن، — سىلەر ئۇچۇن باغلاپ قويغان پاقلانمۇ يامانلاپ ئالىلىبۇرۇن كېتىپ قالدى.

ئۆزئارا قىزغىن كۆرۈشۇشتىن كېيىن، ھويلىسى ئازادە پېشايۋانلىق قىلىپ سېلىنغان بىر ئۆيگە كىرىپ جايلاشتۇق. ئەھۋالدىن قارىغاندا بىزنى قىزغىن قارشى ئالغان بايىقى خۇش چاقچاق ساھىبخانا يىگىتنىڭ بۇ قېتىمقى ساياھىتىمىزدىن تولۇق خەۋىرى بولسا كېرەك، خېلىلا ئاۋارە بولغانىدى.

تاماقتىن كېيىن بايىقى ساھىبخانا يىگىت ئىچى قورۇقدالغان

بىر دانە پىۋا بوتۇلكىسىنى مىكروفون قىلىپ سۆز باشلىدى:
— ھۆرمەتلىك پەسىللىك دوستلار! سىلەرنى بالدۇرراق ئۆيدىن قوغلىمىسام ماۋۇ سۆيۈملۈك قىزلار ھەتتا مېنىمۇ تىرىك پېتى يەپ تاشلىغۇدەك، بىلىمەن، سىلەر مېنى ئەمەس، بەلكى مەجنۇنبۇلاقنىڭ مەنزىرىسىنى، ئابىھايات سۈيىنى دەپ كەلدىڭلار، قېنى، ئۇنداق بولسا ئاشۇ مەجنۇنبۇلاققا قاراپ ھۇررا!
ھەممىمىز كۈلكە ـ چاقچاق ئىچىدە مەھەللە سىرتىغا قاراپ چاپتۇق، ئاككوردىيون كۆتۈرۈۋالغان ئەخمەت ئىسىملىك بۇ سا-ھىبخانا يىگىت شوخلۇق بىلەن جىرلاشقا باشلىدى، بەزىلىرى ئۇنىڭغا جور بولدى:

گىتار دېگەن ئېغىر نەرسە،
تالدۇرىدۇ بىلەكلەرنى.
مۇھەببەت دېگەن يامان نەرسە،
كۆيدۈرىدۇ يۈرەكلەرنى.
......

— ئەنە يېتىپ كەلدۇق! — دەپ ۋارقىرىدى پەرھات بىر تۈپ مەجنۇنتال بار تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇلاق سۈيىگە قىزلار ساھىبخانا بولسۇن، بىز ئىچىپ قانمايلى.
— ئېيتىشلارغا قارىغاندا، — دەپ سۆز باشلىدى ئەخمەت بۇلاق سۈيىنى ئوچۇملاپ تۇرۇپ، — بۇ يەر ئەسلىي بىر قاقاسلىق ئىكەن، كېيىنچە بۇ يەرگە قايسىدۇر بىر يۇرتنىڭ مەلىكىسى بىلەن بىر كەمبەغەل يىگىت ئەركىنلىك ئىزدەپ كېلىپ ماكانلى-شىپتۇ، لېكىن مەلىكىنىڭ رەھىمسىز شاھ ئاتىسى ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال لەشكەر تارتىپ كەپتۇ ۋە ھېلىقى كەمبەغەل يىگىتنى قەست قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، مەلىكى-نى مەجبۇرىي ئېلىپ، يۇرتىغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. لېكىن، ۋاپا-

دار مەلىكە بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ، يىگىت-ىنىڭ جەستىنى قالغان دەل مۇشۇ يەرگە كەپتۇ ـ دە، ئاشىقىنىڭ جەستىنى قۇچاقلاپ ئەلەم بىلەن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپتۇ. شاھ قايتىپ كېلىپ قارىسا، نە جەسەت، نە مەلىكە كۆرۈنمەپتۇ. ئەكسىچە بۇ يەردە بۇلاق ۋە بۇلاققا باش ئېگىپ تۇرغان بىر جۈپ مەجنۇنتاللا تۇرغۇدەك...

ئەخمەت چۆچىكىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئېغىر بىر «ئۇھ» تارتىپ قويدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— لېكىن ھازىرقى زاماننىڭ مەلىكىلىرى بەئەينى بىر كېـپىنەككىلا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىز يىگىتلەر خۇددى بىر كىچىك بالا، بىز ئۇلارنى قوغلايمىزيۇ، تۇتالمايمىز، ئۇلار كۆز ئالدىمىزدىن يىتمەيدۇيۇ، تۇتقۇق بەرمەيدۇ.

ئەخمەت سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى ـ دە، ئاككوردىيوننى قو-لىغا ئېلىپ ناخشا باشلىدى:

ئالەم ماڭا تار بولدى،
پاك مۇھەببەت خار بولدى.
بىۋاپا يار دەردىدە،
قايغۇ ماڭا يار بولدى.

ئەخمەتنىڭ ھەيىارلىقى ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى، مەن ئەخمەتكە ھەقىقەتەن قايىل بولۇپ قالدىم. گۈلزىيەنىڭ ئېيتىشى-چە ئۇ ئەزەلدىن ئەنە شۇنداق خۇشخۇي، چاقچاقچى بولۇپ، ھازىر مۇشۇ يېـزا مەكتىپـىدە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىـسى بولـۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ.

چىملىق ئۈستىدە بەزىلەر ئۇسسۇل ئوينايتتى، بەزىلەر ناخشا ئېيتاتتى. پەرھاتنىڭ ساقىيلىقىدا ئىچىشۋازلىقنىمۇ باشلىۋالغا-نىدۇق.

قوندۇزئاي بىلەن كۆزلىرىمىز تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇچرىشىپ قالاتتى، لېكىن ئەھۋال يەنىلا ئىلگىرىكىدەك بولۇپ، ئۇ يەرگە، مەن باشقا تەرەپكە قارىۋالاتتۇق، هاراق ماڭا ئاستا - ئاستا تەسىر قىلماقتا ئىدى.

— كۆپچىلىك دىققەت! — دەپ سۆز باشلىدى ئەخمەت بىزگە قاراپ تەزىم قىلىۋەتكەندىن كېيىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن، — تۆۋەندە ھەممىمىزنىڭ بولۇپمۇ ماۋۇ سۆيۈملۈك قىزلىرىمىزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن «كۆڭۈلدىكى گەپلەر» سەھىپىمىزنى باشلايمىز، مەن ساقىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئالاي، قىزلار ئۆز ئۇدۇلىدىكى يىگىتلەرگە قەدەھ تۇتقاي، قەدەھ تاپشۇرۇۋالغۇچى يىگىت شۇ قىزغا ئۆز كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئىزهار قىلغاي، سىلەرچە قانداق؟

گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە باشلانغان بۇ ئويۇن، سورۇنىمىزغا باشقىچە بىر كەيپىيات ئاتا قىلماقتا ئىدى. ئەخمەتنىڭ يېنىمدىن قوپۇپ كېتىشى ۋە ئىختىيارىي ئورۇن ئالمىشىش سەۋەبى بىلەن قوندۇزئايغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ قالغاندىم.

كەيپىيات ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى، نۆۋەتتى كەلگەن يىگىت ئۇدۇلىدىكى قىزغا تەسىرلىك، يۇمۇرلۇق سۆزلەيتتى، تىزلىناتتى، قىز بولسا كۈلەتتى، قىزىراتتى، باشقىلار بولسا يىگىتنىڭ سۆزىنى قولاليتتى، قوشۇمچە قىلاتتى، ئۇلارغا گۇۋاھ بولاتتى… لېكىن مەن بارغانچە تەمتىرەپ قېلىۋاتاتتىم، چۈنكى قەدەھ بارغانچە قوندۇزئايغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭمۇ روھىي ھالىتى مېنىڭكىدىن قېلىشمايتتى…

ئەپسۇس! مەن كۈتكەن قەدەھ، لېكىن زادىلا كەلمەسلىكىنى ئارزۇ قىلغان مىنۇت ئاخىر يېتىپ كەلدى.

قوندۇزئاينىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىن قەدەھنى ئېھتىيات بىلەن ئالدىمۇ، بىر پەس تۇرۇپ

قالدىم، ھەممىسىنىڭ كۆزى، قولىقى بىزدە، لېكىن ئۇنىڭ كۆزى ئاۋۋالقىدەكلا يەرگە تىكىلگەنىدى.

— سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا ئىنتايىن خۇشالمەن! — دېدىم مەن ئاسانلا قوتۇلۇش ئىستىكىدە.

— بولمىدى!

— بولمايدۇ!

باشقىلار ۋارقىرىشىپ كەتتى، ئېنىقكى ئۇلار مېنىمۇ خېلى بىر نەرسە دېگۈزمەكچىدى.

— ئەگەر كۆڭلىڭىزدىكى گەپلىرىڭىزنى شېئىر بىلەن ئىپادىلىيەلمىسىڭىز، بىز بىر قەدەھتىن، قوندۇزئاي ئۈچ قەدەھتىن جازالايمىز، — دەپ ۋارقىرىدى ئەخمەتمۇ.

تۇيۇقسىزلا كاللامغا ئۆمەر ھەييامنىڭ تۆۋەندىكى رۇبائىيسى كېلىپ قالدى ـ دە، قوندۇزئايغا قاراپ ھېسسىيات بىلەن ئوقۇدۇم:

سەن ماڭا دۇنيادا گۈزەل مىسلىسىز،
سەن ماڭا كۆزۈمدىن ئەتىۋار ئەي قىز!
ئىنسانغا جېنىدىن ئەزىز نەرسە يوق،
سەن ماڭا جېنىمدىن مىڭ ھەسسە ئەزىز.

مەن كۈلكە ۋە ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قەدەھنى كۆتۈرۈۋەتتىم...

— قاچانلاردىن بېرى بۇ يېگى يۇرتلۇقىمىزنىڭ جېنىدىن مىڭ ھەسسە ئەزىزى بولۇۋالدىڭ، قوندۇزئاي، — دېدى قىزلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى چاقچاق قىلىپ، — ھەقىقەتەن تەلىيىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ.

لايىقىدا قىلىنغان بۇ چاقچاق باشقىلارنى كۈلدۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، گۈلزىيەنىڭ يالغان كۈلۈشلىرىدىن، پەرھاتنىڭ تاما-

كىنى كوچەپ شوراشلىرىدىن ئۇلارغا تازا ياقمىغاندەك قىلاتتى، شۇ پەيت قۇندۇزئايىنىڭ يۈزلىرى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەن بو- لۇپ، لەۋلىرىنى يېنىك - يېنىك چىشلەپ قوياتتى…

تۇيۇقسىز گۇمانلىنىپ قالدىم، گۇلزىيەنىڭمۇ چۈشىنىمەن، لېكىن پەرهاتچۇ؟ ئۇ مەندىن قۇندۇزئايىنى قىزغىنىۋاتامدۇ؟ ئە- گەر ئەھۋال راستتىنلا شۇنداق بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ زادى قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

ئەخمەتنىڭ شوخ ناخشا ئاۋازى، مەندىكى كۆڭۈل غەشلىكىنى نەلەرگىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتتى…

## 7

تەتىل ۋاقتى ئاخىرلىشىدىغانغا يەنە ئون نەچچە كۈن قالغان بولسىمۇ، لېكىن مەن مەكتەپكە بالدۇرلا قايتىشنى قارار قىلدىم، بولۇپمۇ ھېلىقى ساياھەتتىن بىرنەچچە كۈن كېيىن پەرهات بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبىتىمىز مېنى نائىلاج شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىدى.

قىياسىمچە شۇ كۈنى پەرهات ئەتىگەندىلا خېلى ئىچىۋالغاند- دى، ئۇنىڭ رومكا تۇتقان قوللىرى ئىختىيارسىز تىترەيتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇھ تارتىپ قوياتتى، ئاخىر ئۇ مەن ئۈمىد قىلمىغان، لېكىن سېزىپ ئولتۇرغان كۆڭۈلسىز گەپنى ئاشكارىلىدى:

— ئارىمىزدا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن گەپ- نى ئوچۇقلا ئېيتاي، مەن قۇندۇزئايىنى ياخشى كۆرىمەن، شۇ سەۋەبتىن باشقىلارنىڭ ئۈچىنچى شەخس بولۇپ قېلىشىنى ھەر- گىزمۇ خالىمايمەن.

ئېنىقكى، ئۇ قۇندۇزئايىنى مەندىن قىزغىنىۋاتاتتى، بىردىنلا ئۇنىڭغا غەزىپىم كەلدى، لېكىن نېمە قىلىشىمنى، نېمە دېيىد- شىمنى بىلمەيتتىم.

«گۆدەكلىكىمدىكى كىچىككىنە بىر ئىشنى ئەسلەپ، باشقىلاردىن ئۈمىد كۈتۈپ يۈرگەندىكىن ئۆزۈمگىمۇ ئاز!» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە، تورۇپلا ئالدىمدىكى بۇ چالا مەست، چىدىماس ئەركەكنىڭ تۇمشۇقىغا كېلىشتۈرۈپ راسا بىرنى سالماقچىمۇ بولدۇميۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ۋە ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم: «ئۇچىنچى شەخسلا ئەمەس، بۇ يۇرتقا ئارتۇقچە بولۇپ قېلىشىنىمۇ خالىمايمەن، ئاله نامەرد، تالاشقان شەلىرىڭ قالدى.»

*   *

ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن پەقەت ئۆزۈمگىلا خاس بىر خىل مەجبۇريي ئۈمىدنىڭ ئىلكىدە يەنىلا ئىختىيارسىز، ئارقامغا تەكرار - تەكرار قارايتتىم. قۇندۇزئاي تۇيۇقسىزلا ئەقلىمنى چىرمىۋالغان ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرىنى يەلپۈتۈپ، ئىسمىمنى تۇۋلىغىنىچە ماڭا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىدىغاندەك، ھەتتا كېلىۋاتقاندەك چىددىيلىشەتتىم.

لېكىن رېئاللىق ھامان رېئاللىق ئىدى. يولغا چىققانلىقىمدىن ھەتتا گۈلزىيەنىڭمۇ خەۋىرى بولمىغان ئەھۋالدا مۇمكىن بولمىغان مۆجىزىدىـلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش مەن ئۈچۈن كۈلكىلىك ئىدى.

ئاپتوبۇس ئاستا قوزغالدى. بۇ يۇرتنىڭ ماڭا مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە نەرسىلىرىنى تامامەن ئارقىدا قالدۇرۇپ، يۈرۈپ كەتتى. يوشۇرۇن مۇھەببەت ئايرىلغاندا مەلۇم بولىدۇ، دېگەندەك ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا ئۆزۈمنى ئاپتوبۇس ئورۇندۇقىغا تاشلىدىم...

## 8

مەكتەپكە كېلىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئىلگىرى - كېيىن كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن مەكتەپ ئىچى ئاستا - ئاستا

جانلىنىشقا باشلىدى. ياتاقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىلگىرى يازغان ئەسەرلىرىم ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزەتتىم، رەتلەيتتىم، بەزىدە نەلەرگىدۇر مەقسەتسىز تىكىلىپ خىياللارغا چۆمۈپ كېتەتتىم.

قىزىقى شۇكى، قۇندۇزئاينى سېغىنىش ھېسسىياتىم ھەسسىلەپ ئاشقانسېرى، ئۇنىڭ ئاشۇ گۈزەل جامالىنى ھە دېگەندە ئېسىمگە ئالالماي تېرىكىپ كېتەتتىم. شۇنداق ۋاقىتلاردا ھەممىدىن ياخشى كۆرىمەن دەپ بىلگەن ئەتراپىمدىكى بىرەر نەرسىگە قاراپ، پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ، قۇندۇزئايدا بار دەپ ھېس قىلغان بارلىق گۈزەللىكلەرنى پەقەت شۇ بىرلا نەرسىگە، بىرلا نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقاتتىم. لېكىن، كۆز ئالدىمدا بەزىدە گۈلزىيە، بەزىدە رابىيە ۋە بەزىدە كىملەردۇر نامايان بولۇپ قالاتتى.

ئىشقىلىپ، دەرۋىشلەردەك ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندىن بۇيان باشقىچىلا ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدىم، بىر تۈرۈپ ئۆزۈمگە كۈلگۈم كېلەتتى. ئاشۇ ئىچى تار يىگىتنىڭ ئىككى ئېغىز گېپى بىلەن ھەممىدىن ۋاز كېچىپ، يالغۇز ياتاقتا خىيالخان بولۇپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ئۆزى ئاجىزلىقىم ئىدى، لېكىن يەنە بىر ھېسابتا توغرا قىلغاندەكمۇ ھېس قىلاتتىم، بۇنىسى پەقەت ئۆزۈمگىلا ئايدىڭ ئىدى.

بۈگۈن تەگسىز خىياللار ئىلكىدە بالدۇرلا ئۇخلاپ قاپتىمەن، چۈشۈمدە كىچىك ۋاقتىمدىكى ھېلىقى قوڭۇر چاچلىق كىچىك قىز مېنى قوغلىغىنىچە «گارمونۇمنى قايتۇرۇپ بەر» دەپ يىغلاۋاتقۇدەك...

*　　　*

— قاچان كەلدىڭ، ئاداش؟ — دېگىنىچە ساۋاقدىشىم مۇزەپپەر ياتاققا كىرىپلا مېنى چىڭ قۇچاقلىدى.

تىنچ ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، مەن گەپنى ئۆزارتـ
ـمايلا يالغان سۆزلىدىم.
— تېخى تونۇگۇنلا كېلىشىم.
— ئاڭلىسام گۇلزىيە بىلەن بىر يۇرتلۇق بولۇپ قاپسەن،
بۈگۈن سېنى باشقا ساۋاقداشلار كەلگۈچە راسا بىر سەمرىتىۋې
ـتەي!
بىز كولكە ـ چاقچاق ئىچىدە خالىي بىر ئاشخانىغا كىرىپ
جايلاشتۇق. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئۈرۈمچىلىك دوستۇم بۈگۈن
خېلىلا مەردلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى.
— خوشە! «خىيال خالتىسى»، — دېدى ئۇ جەڭگىۋار ئا
ۋازدا، — ئەڭ ئاخىرقى ئوقۇش يىلىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆڭۈللۈك
بولۇشى ئۈچۈن ئىچىۋەتتىم.
مەن ياتاقداشلىرىمنىڭ ئادىتى بويىچە باش بارمىقىمنى چىقى
ـرىپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردۇم.
— سىزگە، «بوتۇلكا»!
ئىشقىلىپ، سىنىپتىكى ھەممە ئوغۇللارنىڭ ئۆزىمىزگە
تۇشلۇق لەقەملىرىمىز بار ئىدى. مۇزەپپەر ھاراققا خۇشتار،
ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارغا قارىغاندا ھاراقنى كۆپرەك كۆتۈرەلەي
ـدىغان بولغاچقا، ئۇنى ئادەتتە شۇنداق دەپ ئاتايتتۇق.
— ئاداش رىشات، — دەپ سۆز باشلىدى مۇزەپپەر تاماكى
ـسىنى تۇتاشتۇرغاچ ماڭا قاراپ، — سەندىكى تەلەي مەندە يوق
ئىكەن. راست گەپنى قىلسام ئەمدىلىكتە گۇلزىيەنى راستىنلا
سەندىن قىزغىنىۋاتىمەن. راستىڭنى ئېيتە، ئاراڭلاردا بىرەر
غەيرىي ئىش ئۆتۈلمىگەندۇ؟
— توۋا دېگىنە، «بوتۇلكا»، گۇلزىيە يا ئۇنداق قىزلاردىن
بولمىسا.
— گېپىڭ راستىنلا شۇنداق بولسا مېنىڭ كۆڭلۈم ئەمدى
خاتىرجەم بولدى. نېمە ئۈچۈن دەپ سورىمامسەن؟ مەن ئۇنى

ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئۆرۈمچىدە ئېلىپ قالاي دەيمەن.
مەن ئۇنىڭغا چۆچۈپ قارىدىم.

— نېمە، ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ ۋاقتى كەلگەندە چۈشىنىپ قالىسەن، ئاداش. ھېلىغۇ بىر قىز ئىكەن، يەنە بىر نەچچىسى بولسىمۇ بىزنىڭ بوۋاينىڭ ئىككىلا ئېغىز سۆزى بىلەنلا ئۆزى خالىغان ھەرقانداق بىر ئورۇندا ئىشلىيەلەيدۇ. ھازىر قايسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چوڭ - چوڭ شەھەرلەردە، بولۇپمۇ ئۆرۈمچىدەك بۇ مېھرى ئىللىق، سۆيۈملۈك شەھەردە قېلىشنى خالىمايدۇ دەيسەن؟

«ئەمدىلىكتە گۈلزىيەدىنمۇ ئايرىلىپ قالسام - ھە!»

مەن خۇددى بارلىق نەرسەمدىن تۇيۇقسىزلا ئايرىلىپ قالغاندەك، ماڭا تېگىشلىك ھەممە نەرسەمنى ئاشۇ بىر بوتۇلكا ھاراققا تېگىشىۋەتكەندەك ئۆزۈمنى بىچارە، يېگانە ھېس قىلماقتا ئىدىم.

مۇزەپپەرنىڭ سۆزلىرى ئەمدىلىكتە قۇلىقىمغا زادىلا كىرمەيتتى. ئېھتىمال رەھىمسىز رېئاللىق ماڭا ئوخشاش خىيالچان، ئۈمىد بەندىلىرىنىڭ جاجىسىنى بېرىۋاتقان بولسا كېرەك. كۆز ئالدىمدا پەقەت ھېجىيىپ تۇرغان غايەت بىر سوئال بەلگىسىدىن باشقا ھەممە نەرسە مەندىن ئاستا - ئاستا يىراقلاپ بارماقتا ئىدى.

ئەتىسى مۇزەپپەر بىلەن قانداق ھالەتتە خوشلاشقىنىمنى زادىلا ئېسىمگە ئالالمىدىم...

## 9

گۈلزىيەنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن مەندىن خېلىلا رەنجىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— سىزنى ئىزدەپ ئۆيىڭىزگە بارسام، ئاللىبۇرۇن كېتىپ قالدى دەيدۇ. ھېچبولمىغاندا ماڭا بولسىمۇ خەۋەر بېرىپ قويغان بولسىڭىز، — گۈلزىيە يان تەرەپكە قارىۋالدى، شۇنچە چۈشەن-

دۇرگەن بولسامىمۇ، ئۇ ماڭا قاراپ قويماي دېمەيتتى. سىناپ بېقىش ئۈستىكىدە ئۇنى ئايلىنىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدىم، گۈلزىيە تۇيۇقسىزلا ئېچىلىپ كەتتى.

— بىلمىدىم، مېنى نەلەرگە باشلايسىزكىنتاڭ! — ئۇ تەبەسسۇم بىلەن ماڭا تىكىلدى، ئېنىقكى ئۇنىڭدىكى بايىقى خاپىلىقلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— مەجنۇنبۇلاققا.

گۈلزىيە كۈلۈۋەتتى.

— بۇ قېتىمقى تەتىل مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك بولدى، گۈلزىيە، — دېدىم ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان كېتىۋېتىپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى دوستلىرىممۇ كۆپەيدى، مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال.

— لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىزدىن ئاغرىنىپلا قالدى، ئىشقىلىپ، تۇيۇقسىزلا غايىب بولۇپ، تازا ياخشى قىلمىدىڭىز، — دېدى گۈلزىيە تەگەپ.

مەن جىمىپ قالدىم. ئېھتىمال شۇ ئاغرىنغانلار ئارىسىدا قۇندۇزئايمۇ بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، ئەمدىلىكتە گۈلزىيە بىلەن قىلىشقان ھەربىر سۆزىمىز مەن ئۈچۈن ساختىدەك بىلىنەتتى. مۇزەپپەر خۇددى بىزنى يىراقتىن كۆزىتىۋاتقاندەك، ھازىرلا ئالدىمىزغا چىقىپ قالىدىغاندەك تەسەۋۋۇر قىلاتتىم، ئەكسىچە گۈلزىيە بولسا ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز مېنىڭدىن ئۇنى - بۇنى سورايتتى، مەنمۇ ئامال بار ئۇنى خۇشال قىلىدىغان، كۈلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن ئارىمىزدىكى كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتىم.

— ئاخىرقى ئوقۇش يىلىغىمۇ قەدەم قويدۇق، ئوقۇش پۈتتۈرگەندە قانداق قىلاي دەپ ئويلاۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى گۈلزىيە تۇيۇقسىز.

— بەزى ئىشىرغا ھازىرلا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.

كەن، — دېدىم مەن جاۋابەن، — سىز قانداق ئويلاۋاتىسىز؟
گۈلزىيە ئۈلۈغ - كىچىك تىنىپ قويدى ۋە مەن دېگەن سۆزنى تەكرارلىدى.
— ئۆزىڭىز دېدىڭىزغۇ؟ بەزى ئىشلارغا ھازىرلا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ دەپ.

*　　　*

يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىمىز ئالىبۇرۇن باشلىنىپ كەتكەندى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇرمۇشۇمۇ خېلــىــلا ئىزىغا چۈشۈپ قالدى.

يېقىندىن بۇيان بارلىق ئازابلىق خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسىلەرگە قەستەن ئېتىبارسىز قارايدىغان بولۇۋالدىم، بوش ۋاقىتلىرىمدا مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا چاپاتتىم. سۆيۈملۈك كېچە ئۆز ئىلكىگە ئالغان بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ نەلەردىندۇر ياڭراۋاتقان گىتار ئاۋازلىرى، قىزلار ياتاق بىناسى ئالدىغا توپلىشۋالغان يىگىتلەرنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى، نەلەردىندۇر كەيپ يانغان دەردمەنلەرنىڭ ئالىتاغىل ۋاراقىراشلىرى پەسىيىش بىلەن تەڭ قولۇمغا قەلەمنى ئالاتتىم...

— قويغىنە، ئاداش، — دېدى بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن يۈزۈر كىيىنىۋالغان سىنىپىمىزدىكى داڭلىق «سودىگەر» شىرئەلى قولۇمدىكى كىتابنى ئېلىپ كارىۋىتىمغا تاشلاپ، — ئىچىڭمۇ پۇشمايدىكەن سېنىڭ، قاراپ باقە، ئەتراپىڭدىكىلەر نېمە كويدا، سەن نېمە ئويدا، بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، يۈرە، قانغۇدەك راسا بىر ئويناپ كېلەيلى.

ئويلاپ باقسام چۈشتىن كېيىن دەرسلەرنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمە ئۈچۈندۇر، تۈنۈگۈندىن بۇيان ئىچىم پۇشۇپ تۇراتتى.

— چاتاق يوق، — دېدىم مەن ئۇنىڭ مەيدىسىگە مۇشت-لاپ، — توغۇلغان كۈنۈڭنى تەبرىكلەشكە ماغدۇرۇم بار، ئالدى بىلەن كىيىملىرىمنى غاچ - غۇچ يەڭگۈشلىۋالاي.

شۇئان گۈلزىيە ئالدىنقى ھەپتە يۇيۇپ، دەزماللاپ بەرگەن كاستۇم - بۇرۇلكامنى ئالدىم، ئۇنىڭدىن ئەتىرنىڭ خۇش پۇراق ھىدى گۈپپۈلدەپ كېلىپ تۇراتتى، لېكىن كىيگۈدەك پاكىزرەك كۆڭلىكىمنىڭ قالمىغىنى مېنى تىت - تىت قىلىۋەتتى.

— مانا بۇنى كىيىۋال، «خىيال خالتىسى»، — دېدى شىر-ئەلى چامادانىدىن قاتۇرۇپ دەزمال سېلىنغان بىر دانە ئاق كۆڭلەكنى ئېلىپ، — ھېلىقى سېرىق رەڭلىك چاقماق گالستۇكۇڭنى چىگىۋال.

**10**

قىياسىم ھەقىقەتەن توغرا چىققانىدى.

— مەن بۇ ئايال خوجايىن بىلەن بىر يۇرتلۇق، — دېدى شىرئەلى بىر كىچىككىنە بۆلمىگە كىرگەندىن كېيىن، — شۇڭا بۇ يەرگە كۆپ كېلىمەن، — ئۇ ئۇستەل ئۇستىدىكى شامنى ياندۇرغاندىن كېيىن بۆلمىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋەتتى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ھېلى دېگەندەك ئۆزۈڭنى ئەركىن تۇت، بۇ يەرنى يەر شارىنىڭ ئەڭ چېتى دەپ بىلسەڭ بولۇۋېرىدۇ، ئاتقان پولىرىڭ قاملاشسۇن، مېھمانلىرىمىز ھازىرلا كىرىدۇ.

دېگەندەك ئاز ئۆتمەي ئىشىك چېكىلىپ، چىرايلىق ياسانغان ئىككى قىز كىرىپ كەلدى، مەن ئارقىدا كىرگەن قىزنى كۆردۇم - دە، ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتىم.

— رابىيە!

قىز بىر پەس داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ماڭا تاشلىدى.

— رىشات! بۇ راستىنلا سىزمۇ؟

مەن بۇ تۇيۇقسىز ئۇچرىشىشتىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغاندىم، رابىيە بولسا بوينۇمغا ئېسىلىپ يىغلايتتى، ماڭا تويماي قارايتتى...

بۇ ھالىتىمىزدىن تېڭىرقاپ قالغان شىرئەلى بىلەن ھېلىقى ناتونۇش قىز بىزنى بۆلمىدە يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

— سىز بىلەن بۇ ھالەتتە، بولۇپمۇ بۇنداق جايدا ئۇچرىشىپ قېلىشىمنى ھەرگىزمۇ خالىمايتتىم، — دېدى رابىيە ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا، — ئەپسۇس تەقدىر ماڭا يەنە بىر قېتىم رەھىمسىزلىك قىلدى.

قەلبىمدىكى ھەيرانلىق ئەمدىلىكتە سوئال بىلەن ئالماشتى.

— رابىيە، سىز قانداق قىلىپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ سىز ئاللىبۇرۇن توي قىلىپ بولغان ئەمەسمۇ؟

رابىيە بىر پەس جىمىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ھېلىقى يارشىملىق قوڭۇر چاچلىرى ئاللىبۇرۇن كېسىلىپ بۇدۇر قىلىنغانىدى.

— رىشات، سىز بەلكىم مېنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ ھەيران قېلىۋاتقانسىز؟ نەپرەتلىنىۋاتقانسىز؟ مەيلى قانداقلا بولمىسۇن مەن ئۇچۇن پەقەت سىزلا نەپرەتلىنىشكە ھەقلىق!

ئۇ ئاستا كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋالدى ۋە پىچىرلىدى.

— رىشات، مەن سىزنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدىم.

شۇ پەيت كاللامنى ھەر خىل زىددىيەتلىك سوئاللار چىرمىۋالغان بولۇپ، ئىشنىڭ تېگىگە زادىلا ئويلاپ يېتەلمەيۋاتاتتىم.

رابىيە تۇيۇقسىز مېنى تەلۋىلەرچە سۆيۈپ كەتتى. مەن رابىيەنى، ياق، يەنى مېنى تۇنجى قېتىم ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان، ئەمدىلىكتە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن باشقا بىر رابىيەنى چىڭ قۇچاقلىدىم...

— تويدىن كېيىن، — دەپ سۆز باشلىدى رابىيە بىر خىل

ھەسرەتلىك ئاۋازدا، — كۆندە دېگۈدەك خورلاشتىن قۇتۇلالمى-
دىم، مېنى ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاكا - ئىنىلىرىدىنمۇ كۆنلەيتتى.
بىر كۈنى ئۇنى بىر ئاغىنىسى ئىزدەپ كەلدى، لېكىن ئۇ ئۆيدە
يوق ئىدى. قورقۇپ تۇرساممۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن چاي قويدۇم،
ئاخشىمى ئۇ كەيپ ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى ۋە كۆلداندا تۇرغان
تاماكا قالدۇقىنى كۆرۈپ ماڭا يولۋاستەك ھۆرپەيدى، «ئېيتە
بۇزۇق، مەن ئۆيدە يوق چاغدا قايسى ئاشنالڭ كەلدى، بۇ تاماكىنى
كىم چەكتى؟» شۇ كىچىككىنە ئىش سەۋەبى بىلەن ئۆلگۈدەك
تاياقتا قالدىم. ئەسلىدە بۇ تاماكا قالدۇقى ئۇنىڭ ئىدى، شۇنچە
چۈشەندۈرسەممۇ زادىلا ئىشەنمىدى، ئەتىسى ئۆيگە يامانلاپ بېرى-
ۋالدىم، ئۆيدىكىلەر شۇنچە زورلىسىمۇ قايتىپ كېتىشكە زادىلا
كۆنمىدىم، — رابىيە ئەلەملىك ياشلىرىنى تۆككىنىچە سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى، — شۇندىن كېيىن ئۆيدىكىلەرنىڭ تاپا - تەنىلى-
رى، ھېلىقى ھايۋاننىڭ ئاھانەتلىرى، باشقىلارنىڭ نەشتەردەك
سېسىق گەپلىرى مېنى ئۆيدە تۇرغۇسىز قىلىۋەتتى. ئاخىر ئۆيدى-
كى پۇل - پۇچەكنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ، بىرەر مەكتەپتە پۇل
تۆلەپ بولسىمۇ ئوقۇش ئۈچۈن سىزنى پاناھ تارتىپ يولغا چىق-
تىم، لېكىن تېخىمۇ ئازابقا قېلىشىمنى كىم بىلسۇن؟ يول
ئۈستىدە مەن بىلەن بىر ياتاقتا ياتقان بىر قىز ھەممە نەرسەمنى
ئوغرىلاپ قېچىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن...

رابىيە يەنە ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— نېمە ئۈچۈن ماڭا بولسىمۇ بىرەر پارچە خەت يازمايسىز؟
نېمىلا بولمىسۇن سىز ئوقۇغان، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈچىلى-
كىڭىز بار ئىدىغۇ؟

ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمگە قاراتتىم، ئۇ يەلكەمگە
بېشىنى قويۇپ بىر پەس يىغلىۋالغاندىن كېيىن ئاستا
پىچىرلىدى.

— يۈزۈم چىدىمىدى، رىشات، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئوقۇ-

غۇچى تۇرسىڭىز.

مەن شىرئەلى بىلەن ئۇنى ھېلىقى ئايال خوجايىنغا تاپشۇرۇپ، ئەتە ئەكېتىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق، رابىيەنىڭ ئۆزىمۇ بىز بىلەن بۈگۈنلا مېڭىشقا زادىلا ئۇنىمىغانىدى.

خوشلىشىش ئالدىدا رابىيە قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ، ماڭا بىر پەس تىكىلگەندىن كېيىن پىچىرلىدى.

— خەير، ئامان بولۇڭ، رىشات.

* *

قولۇمدا رابىيەنىڭ بىر پارچە خېتى، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، يۈرىكىم ئاغرىيتتى.

— ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندىلا يولغا چىقتى، شۇنچە توسۇساممۇ زادىلا ئۇنىمىدى، سىزگە مانا ماۋۇ بىر پارچە خەتنى قالدۇرۇپ كەتتى،— ھېلىقى ئايال خوجايىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ.

كۆز ئالدىمدىن رابىيەنىڭ مىسكىن، ھەسرەتلىك سىيماسى زادىلا كەتمەيتتى، شۇئان بېكەتكە قاراپ چاپتىم، ئەپسۇس بېكەتتە رابىيەنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

«ئاھ! رابىيە، ئەمدىكى ھالىڭىز قانداق بولۇپ كېتەر؟»

كۆزۈمدىكى ياشلارنى سۈرتۈۋېتىپ خەتنى ئاچتىم:

«قەدىرلىكىم رىشات، سىز مېنىڭ شۇنداق ئاتىشىمغا بىر قېتىم بولسىمۇ يول قويۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن، سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا سىز بىلەن مانا مۇشۇنداق خوشلىشىشنى ئەڭ ياخشى چارە دەپ تاللىدىم.

خەير خوش! رىشات، مەن كەتتىم. مېنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئەمدى ھاياتقا يېڭىدىن قەدەم تاشلايمەن،

سىزنىڭ مېنى ئەمەس، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدا-
شىڭىز رابىيەنى ئەسلەپ قويۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن، مېنى
دەپ ئازابلىنىشىڭىزنى خالىمايمەن، گېزىت - ژۇرناللاردا
ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلىرىڭىز ماڭا ھەمراھ! مەن ئۇ-
چۇن ئەڭ زور تەسەللى!
سىزگە مەڭگۇ ئۇتۇق تىلەپ:
بەختسىز دوستىڭىز رابىيە»

مەن خەتنى قايتا - قايتا ئوقۇدۇم، رابىيەگە باشتا ئېچىنغان
بولسام ئەمدىلىكتە چەكسىز ھېسداشلىقىم قوزغالماقتا ئىدى، ئۇ
كۆز ئالدىمدا قانچە تېز پەيدا بولغان بولسا ئەمدىلىكتە ئەنە شۇنداق
تۇيۇقسىز غايىب بولغانىدى، ئازابلىق خىياللار ئىلكىدە خەتنى
سۆيۈپ تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم:
«خەيرخوش رابىيە، ھايات سەپىرىڭىز ئاقىول
بولسۇن ...»

## 11

شۇ كۈندىن باشلاپ مەن باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي بىر
خىيال خالتىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدىم، ئىچكى سىرلىرىمنى پە-
قەت شىرئەلىلا بىلەتتى، قىياسىمچە گۈلزىيەمۇ مەندىكى بۇ خىل
روھىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى.
رابىيەنىڭ تەقدىرىنى ئويلىساملا يۈرىكىم ئېچىشاتتى، ئۇ-
نىڭغا ئىچىم ئاغرىيتتى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياردەم قىلالمىغانلى-
قىم ئۈچۈن ئازابلىناتتىم...
بۇ يىل مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى قىشلىق تەتىل-
گە بەك ئاز قويۇپ بەرگەچكە، ماڭا ئوخشاش ئۆيى يىراقلار
ئائىلىمىزگە قايتالمىدۇق، بەختىمگە ياردىشا تەتىلدە مەكتەپ

كۆتۈپخانىسىمۇ تاقالمىغانىدى.

— بۇرادەرلەر، — دەپ سۆز باشلىدى مۇزەپپەر بىر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرىدىن قايتىپ كىرىشىمىزگە بىزنى چاقىرىپ، — ھەرقايسىڭ بەكمۇ شەخسىيەتچى، ئۇنتۇغاق بولۇپ كېتىپسەن، ئويلاپ بېقىش، ئەتە نېمە كۈن؟

— 8 - مارت، — توۋلىدى ئارىمىزدىن بىرى.

— مەكتەپ پۈتتۈرۈشكىمۇ ئاز قالدۇق، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مۇزەپپەر بىزگە قاراپ، — قىزلارنىڭ كۆڭلى قالمىسۇن دېگۈچىلەر قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار.

مۇزەپپەرنىڭ تەكلىپى ھەممىمىزنى جانلاندۇرۇۋەتتى، شۇ ھامان ئارىمىزدىن بىرىنى ئەلچى قىلىپ، بۇ خوش خەۋەرنى قىزلارغىمۇ يەتكۈزۈشكە ئۇلگۈردۇق، بەزىلىرىمىز يانچۇقلىرىمىزنى كولاپ، يەنە بەزىلىرىمىز ئىزدەپ - سوراپ دېگۈدەك يېتەرلىك پۇلمۇ غەملىۋالدۇق.

قاڭسىق ھاراق ئىلگىرى بەزىلىرىمىزنى ناخشىچى، گەپدان، بەزىلىرىمىزنى قاپ يۈرەك قىلىۋەتكەن بولسا، بۈگۈن ھەممىمىزنى ئۈمىدۋار، پىلانچى قىلىۋەتكەنىدى، بولۇپمۇ مۇزەپپەر باشقىلارغا قارىغاندا ئەتە ئۈچۈن ئالاھىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى، بەلكىم ئۇ ئەتە ئۆزى ئۈمىد قىلغان ھەممە نەرسىگە ئېرىشىشى مۇمكىن! ھېچبولمىغاندا ئۇ گۈلزىيەنىڭ «ئويلىنىپ باقاي» دېگەن بىر جۈملە سۆزىگە بولسىمۇ ئېرىشىشى ئېھتىمال.

مەن ھاراقنى چىنىگىلا قۇيۇپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتىم...

*          *

بۈگۈن پەقەت بىز ئۈچۈن، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا قەلبىدىكى يىگىتلىرى، ئەتراپتىكى پەرۋانىلىرى ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى چىرايلىق ياسىنىۋېلىشقان نەزىرىمىزدىكى بۇ ئاچچىق

شاپتۇللار، كۆتكىنىمىزدىنمۇ تاشقىرى شوخلىشىپ كەتكەندى.

سىنىپ باشلىقىمىزنىڭ شوخ، ھېسسىياتقا تويۇنغان يالقۇنلۇق سورۇن سۆزى ئاياغلىشىپ، كىشىنى روھلاندۇرىدىغان مۇزىكا ئاۋازى ياڭرىشى بىلەن تەڭ قەستەن دېگۈدەك قىزدۇالغان يىگىتلەر تەشەببۇسكارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

بىر نەچچە يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا بىر - بىرى بىلەن ئىجىل - ئىناق، تەقدىرداش بولۇپ كەلگەن ساۋاقداشلار ئارىسىدا نە تارتىنىش، نە ئەيمىنىشتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى...

سورۇن كەيپىياتى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە، گۈلزىيە ئىلگىركىدەك يەنىلا شۇنچە تەكەببۇر، شۇنچە لاتاپەتلىك كۆرۈنەتتى، گۈلزىيەنىڭ بەللىرىدىن قامالىلىۋالغان مۇزەپپەر ئۇنىڭغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى، چۈشەندۈرەتتى، لېكىن گۈلزىيەنىڭ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشلىرىنىڭ مەنىسىنى قىلچىمۇ سەزمەيتتى، ئېنىقكى مۇزەپپەر ئۇبدانلا تەڭشىلىپ قالغانىدى.

— يېقىندىن بۇيان ماڭا تولىمۇ كەم سۆز بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلۇۋاتىسىز، — دېدى گۈلزىيە ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ، — بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغانسىز؟

— سىز چۈشەنمەيسىز، گۈلزىيە.

— نېمىنى؟

ئەمەلىيەتتە مەن گەپنى خاتا باشلاپ قويغانىدىم.

باياتىن بېرى گۈلزىيەنىڭ ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن شەھلا كۆزلىرى ئەمدىلىكتە مېنىڭدىن جاۋاب ئىزدەيتتى...

مەن يەنە بىرنەچچە رومكىنى ئارتۇق كۆتۈرۈۋەتتىم، خىياللىرىم بىردە رابىيەدە بولسا، بىردە يىراقتا قالغان يېڭى يۇرتۇمدىكى لەيلەپ قالغان رېئاللىق قاينىمىغا غەرق بولاتتى. ھېچبولمىغاندا مۇشۇنداق سورۇندا بولسىمۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىشىم كېرەك ئىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆزۈمنى تولىمۇ يېگانە سەزمەك-

تە ئىدىم، ئاخىر دەلدەڭشىگىنىمچە سورۇندىن چىقىپ كەتتىم، كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش سىرغىيتتى، لېكىن كىم ئۇ-چۇن؟ نېمە ئۇچۇن ياش تۆكۈۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم، ئىختىيارسىز دەرەخكە يۆلەندىم ۋە ئاسماندىكى جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا تىكىلدىم.

— رىشات، بۈگۈن سىزگە زادى نېمە بولدى؟

گۈلزىيە ئارقامدىن كېلىپ مۈرەمنى تۇتۇپ سىلكىدى، مەن تۇيۇقسىزلا ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم، گۈلزىيە باشتا ئۆزىنى خېلى قاچۇرۇپ باقتى، لېكىن بولمىدى، ئاخىر لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ لەۋلىرىگە، يۈزلىرىگە تەلۋىلەرچە سۆيەتتىم، گۈلزىيەنى، بىر تۇرۇپ رابىيەگە، يەنە بىر تۇرۇپ قۇندۇزئايغا ئۆزگىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم.

— ئۇنداق قىلماڭ، رىشات، بىرى بىزگە قاراۋاتىدۇ.

مەن ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدىم…

*  *

ئەتىسىدىن باشلاپ گۈلزىيەگە تىكىلىپ قاراشقا زادىلا يۈزۈم چىدىمىدى، مۇزەپپەرنى كۆرسەملا خۇددى قېيناتا ئالدىدىكى يېڭى كۈيئوغۇلدەك تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ كېتەتتىم، ئەكسىچە، گۈل-زىيەنىڭ لەۋلىرىدە كۈلكە ئوينايتتى، بۇ ھال مېنى تېخىمۇ قىيناۋاتاتتى.

— رىشات، سىزنى سىرتتا بىرى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى بىر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا تېخى بايىلا سىرتقا چىقىپ كەتكەن جەمىلە ئىشىكتىن كىرىپلا.

كۆز ئالدىمدا ناتونۇش ئىككى چىراي ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى.

— ياخشىمۇسەن، رىشات.

ئۇلار مېنى قىستاپ سوخانا ئىچىگە ئەكىردى ـ دە، تۇيۇق-سىزلا قولۇمنى قايرىدى.

— سىلەر؟

قورسىقىمغا ئارقا ـ ئارقىدىن تەگكەن ئىككى مۇشت دەستىدىن پۈكلىنىپلا قالدىم، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كارىدورنىڭ ئىچى ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتتى...

## 12

مەن دەرسكە قاتناشمىغىلىمۇ بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالغاندى، بەدىنىم ئانچە زەخمە يېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆزۈمدىكى كۆك، تۇمشۇقۇمدىكى ئىششىق تېخى تولۇق يېنىپ كەتمىگەندى. ئۆزۈمگە ئايانكى، بۇ مەن ئۈچۈن ئەتراپلىق پىلانلانغان بىر قېتىملىق ئۆچ ئېلىش ئىدى، ئۇنداقتا بۇ شەرمەندە ئويۇننىڭ رېژىسسورى زادى كىم؟

مەن بۇ ئىشنىڭ تېگىگە ئاللىقاچان يېتىپ بولغانىدىم، ئېنىقكى ئۇ مۇزەپپەر ئىدى، مۇزەپپەرگە غەزىپىم كەلدى دېگەندىن كۆرە، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى دېسەم تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى.

قىز ساۋاقداشلىرىم مېنى كۈندە دېگۈدەك بىرنەچچە قېتىم يوقلاپ تۇراتتى. ھېلىقى مۇتتەھەملەرنى قارغايتتى، ئوغۇللارنى «يارامسىزلار» دەپ تىللايتتى، چىرايىمنى مۇشۇكئېيىققا ئوخشىتىپ مېنى مازاق قىلاتتى، كۇلدۇرەتتى، مۇزەپپەر بولسا قىلچە چاندۇرماي مەن ئۈچۈن پايپېتەك ئىدى، لېكىن ماڭا تىكىلىپ قاريالمايتتى. بىچارە گۇلزىيە بىرنەچچە كۈندىن بېرى كىر ـ قاتلىرىمنى يۇيۇپ، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قېلىۋاتاتتى، شۇنداق چاغلاردا بولسا، مۇزەپپەر تاماكىسىنى تېخىمۇ قاتتىق شوراپ جىمىپلا كېتەتتى.

بۈگۈن پەرھاتتىن تۇيۇقسىزلا بىر پارچە خەت كەلدى، ئۇ خېتىدە ئۆز تەلىپىنىڭ قۇندۇزئاي تەرىپىدىن قايتا ـ قايتا رەت قىلىنغانلىقىنى ئوچۇق يېزىپتۇ، ئۆزىنى مەغلۇپ گۇمانخورغا، مېنى بولسا قاچقۇنغا ئوخشاتقانىدى، ھېلىقى كۈندىكى ئىش سەۋە-بىدىن مېنىڭدىن كۆپتىن ـ كۆپ ئەپۇ سورىغانىدى…

پەرھاتنىڭ بۇ ئوچۇق ـ يورۇق، سەمىمىي خېتى مېنى ئىختىيارسىز ئۈمىدلەندۇرۇپ قويدى، چۈنكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدى-كى مۇناسىۋەت ئەمدىلىكتە ماڭا ھەقىقىي ئايان بولغانىدى، شۇئان پەرھاتقا بولغان ئۆچمەنلىكىم ئاللىقاياقلارغا تارقىلىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆلكىلىك قىلىپ بىر پارچە خەت يېزىۋەتتىم ـ دە، خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان قولۇمغا ئالمىغان ھېلىقى گارموننى ئېلىپ ئاستا لېۋىمگە باستىم…

*　　　　　　*

«دوستۇم دەپلا ئاشكارىلىساڭ سىرىڭنى، ئەتە ـ ئۆگۈن چوقۇم يەيسەن بېشىڭنى» دېگەندەك، مۇزەپپەر مەلۇم سورۇندا مەست بولۇپ قېلىپ، «ھېچكىمگە دېمە جۇمۇ» دەپ ئاشكارىلى-غان ھېلىقى ئويۇننىڭ سىرى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئەنە شۇ «ھېچكىمگە دېمە جۇمۇ» دېگەن سۆز بىلەن قۇلاقتىن قۇلاققا يېتىپ تېزلا ئاشكارىلىنىپ قالدى.

پەرىزىم ھەقىقەتەن توغرا چىققانىدى، شۇ ئىشتىن كېيىن بىچارە مۇزەپپەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ماڭىلا ئە-مەس، باشقىلارغىمۇ تىكىلىپ قارىيالمايتتى، چۈنكى ئۆزى ئۆز گېپىدىن يېنىۋېلىشقا ئاللىبۇرۇن كېچىككەنىدى.

مۇزەپپەر بىلەن شۇنچە يىل بىر سىنىپتا ئوقۇپ، بىر ياتاقتا ياتقانلىقىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ياخشىلى-شىپ قېلىش ھەققىدە شىرئەلىگە مەسلىھەت سالدىم، چۈنكى

بۇمۇ بىر ھېسابتا مەردلىك ئىدى.

— ئىشىڭنى قىلە، — دېدى شىرئەلى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئېپىنى تاپقاندا ئۇنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپ قويۇشنى ئويلىماي، نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىدۇ ماۋۇ جىگىرى يوق «خىيال خالتىسى».

نېمىلا بولمىسۇن شىرئەلى بەزى ئىشلارنى خېلى ئەتراپلىق ئويلىيالايدىغان يىگىت ئىدى.

— بوپتۇ، — دېدى ئۇ گېپىمگە قايىل بولغان ھالدا، — دېگىنىڭدەك بولسۇن، ساۋاقداشلىقنىڭ يۈزىنى ئۇ قىلمىغان بولسىمۇ، بىز قىلىپ قويايلى، ئاز كۈن ئۆتمەي ئايرىلىپ كېتىشنى دېمىگەن بولسام ئۇنى ھەرگىز بوش قويمايتتىم، لېكىن شۇ قېتىملىق يېگەن تايىقىڭمۇ سەن ئۈچۈن ھالال، كىم سېنى ئۇنىڭغا قارىتىپ قويۇپ گۈلزىيەنى قۇچاقلاپ سۆيسۇن دەپتۇ.

## 13

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن خوشلىشىش زىياپىتىمىز داۋاملاشماقتا... شۇ پەيتتە بىر ئاشخانىنىڭ تۆزىنى يەپ، بىر سىنىپتا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىغان خۇددى ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللاردەك ئېجىل - ئىناق بولۇپ كەتكەن بۇ بىر توپ ساۋاقداشلارنىڭ كەيپىياتى بۈگۈن تولىمۇ مىسكىن، ئايرىلىش ئالدىدىكى ھەربىر سۆز تولىمۇ تەسىرلىك، كەلگۈسى ئۈتۈقلار ئۈچۈن كۆتۈرۈلۈۋاتقان رومكىلار تېخىمۇ قىممەتلىك ئىدى...

مەن ھاراقنى كۆپ ئىچىپ قويغاندىم، بىر چاغدا ئاز - تولا سەگىپ قالغاندەك بولدۇم - دە، قاچانلاردا گۈلزىيە بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىمنى زادىلا ئېسىمگە ئالالمىدىم، گۈلزىيە بولسا يىغلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

— سىز راستىنلا قۇندۇزئايىنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ

سوراۋاتاتتى گۈلزىيە مېنىڭدىن.

ئەھۋالدىن قارىغاندا مەن كۆڭلۈمدىكى ھەممە سىرىمنى گۈل-زىيەگە ئاشكارىلاپ بولغاندەك قىلاتتىم، ئەمدىلىكتە سۆزۈمدىن يېنىۋېلىشقا ئەسلا بولمايتتى.

— شۇنداق، گۈلزىيە، مەن قۇندۇزئاينى ياخشى كۆرىمەن، بەزى ئىشلارنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا سۆزلەپ چۈشەندۈرمەك بەكلا تەس، لېكىن ھامان چۈشىنىپ قالىسىز، گۈلزىيە، ئىشقىلىپ، بىز يەنىلا ئەڭ يېقىن دوستلاردىنغۇ؟

گۈلزىيە ماڭا قاراپ بىر پەس داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن دەرھال ئارقىغا بۇرۇلۇپ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كۆزدىن غايىب بولدى…

*　　　　*

ئوقۇشىمىز پۈتكەندى.

گۈلزىيە يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ مېڭىشنى باھانە قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۆزۈم يالغۇز يولغا چىقماقچى بولدۇم. مېڭىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن مېنى بەش يىل تەربىيىلىگەن ئوقۇتقۇچىلار ۋە مەكتىپىم بىلەن خوشلاشتىم…

شىرئەلى يۈك - تاقلىرىمنى ئاللىبۇرۇن ئاپتوبۇس ئۈستىگە تېڭىپ بولغانىدى.

— خوش، قېرىندىشىم، — دېدى مۇزەپپەر بىر قولىدا مېنى قۇچاقلاپ، يەنە بىر قولىدا بوتۇلكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — مېنى سېغىنغاندا كۆزۈڭگە سىياھ سۈركەپ، تۇمشۇقۇڭغا خېمىر چاپ-لاپ ئەينەككە قاراشنى ئۇنتۇپ قالما.

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق، بىكەتكە مېنى ئۇزىتىشقا ئال-دىنئالا كەتكەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغانلارنىڭ ھەممىسى كەلگەنىدى.

مەن ئۇلار بىلەن بىرمۇ بىر قۇچاقلىشىپ خوشلاشتىم، ئىشقىلىپ، ھەممىمىزنىڭ كۆزىدە ياش ئىدى...

— ھېكايە يازساڭ مېنىڭ ئىسمىمنى كىرگۈزۈشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما، — دېدى شىرئەلى مەيدەمگە مۇشتلاپ، — بولمىسا تويۇڭغا ئايروپىلان ئەۋەتسەڭمۇ بارمايمەن.

ئاپتوبۇس ئاستا - ئاستا قوزغالدى، مەن ئامال بار ئارقامغا قارىماسلىققا تىرىشاتتىم...

## 14

مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا قايتىپ كېلىشىم دادام ۋە ئاپامنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتكەنىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ۋە گۈلزىيەمۇ ئوخشاشلا خىزمەتكە چۈشۈپ كەتتۇق. گۈلزىيە بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتىمىز، لېكىن ھەر ئىككىلىمىزنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشاشمايتتى، پەقەتلا قولاشمايتتى.

خىيالىمدا قايتىپ كەلسەملا ئۈمىدلىرىم رېئاللىققا ئايلىنىدۇ، دەپ خاتا مۆلچەرلىگەنىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە قۇندۇزئايدىمۇ ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى.

ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا ئوچۇق - ئاشكارا ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولدۇم. چۈنكى، ئوتنىڭ تېشىدا كۆيۈش مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق ئىدى. ئۇنىڭغا كۈندە دېگۈدەك تېلېفون بېرەتتىم، ئۇنى تاماققا، سەيلىگە تەكلىپ قىلاتتىمىز، بىراق گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېيىشكە تازا جۈرئەت قىلالمايتتىم...

پەرھاتتىن مەسلىھەت - ئەقىل سوراشتىن ئەيمىنەتتىم، گۈلزىيەدىن ياردەم سوراشقا تېخىمۇ بولمايتتى، خەت يېزىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىشنى خالىمايتتىم، ئۇنداقتا زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ خېلى ئۇزاققىچە ئويلاندىم، مۇشۇ ياشقىچە نۇر-

غۇن كىتاب ئوقۇپتىمەن، نۇرغۇنلىغان دەردمەنلەرنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى ئاڭلاپتىمەن، ئىشقى - مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن فىلىملەرنىمۇ ئاز كۆرمىدىم، لېكىن ماڭا ئوخشاش بۇ خىل مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قالغان بىرەر ئاشىقنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى كۆز ئالدىمغا زادىلا كەلتۈرەلمىدىم. ئىلگىرى مۇزەپپەرنىڭ ماڭا «هاراقنىڭ قۇدرىتى ئاجايىپ جۇمۇ، ئۇ ساڭا بەخت ئەكېلىدۇ، پەقەت ئەقلىڭ بىلەن ئىچسەڭلا… لېكىن قايغۇمۇ ئەكېلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بېرىلىپ كەتسەڭ» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم، مەن ئىلگىرى هاراقنى دوستلۇق مېهرىنى دەپ ياكى مەلۇم ئۇچرىشىش مەقسىتى بىلەن ئىچىپ كەپتىمەن، كەيپ بولۇپ قېلىپ گۈلزىيەنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، تاياقمۇ يېدىم، نېمىلا بولمىسۇن مۇھەببەت ئۇچۇن بىر ئىچىپ كۆرەي دەپ ئويلىدىم - دە، ئىشتىن چۈشۈپ سىرتقا قاراپ ماڭدىم.

مەن قۇندۇزئاينىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالغاندىم، ئىلگىرىكى تارتىنىش، جۇرئەتسىزلىكىمدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

— مېنىڭ قەلبىمنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك، قۇندۇزئاي، ياكى مەن سىزنىڭ ياخشى كۆرۈشىڭىزگە ئەرزىمەمدىم؟

قۇندۇزئاي هەدەپ قولىنى تارتىۋېلىشقا تىرىشاتتى، كەيپچىلىكتە گەپكىمۇ ئۇستا بولۇپ كەتكەندىم، لېكىن قۇندۇزئايدا هېچقانداق بىر سادا يوق ئىدى.

«سەتلەشكەندىن كېيىن بىراقلا سەتلىشەي» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ۋە تۇيۇقسىز چاچلىرىدىن قاماللاپ، ئۇنى ئۆزۈمگە قاراتتىم - دە، كۆزلىرىگە، لەۋلىرىگە، يۈزلىرىگە تەلۋىلەرچە سۆيۈپ كەتتىم…

قۇندۇزئاي تېپىرلايتتى، يۇلقۇناتتى، ئەكسىچە مەن زادىلا بولدى قىلاي دېمەيتتىم.

— ئۇنداق قىلماڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي، رىشات، مەن ئويلىنىپ بېقىپ جاۋابىنى سىزگە بەرسەم بولمامدۇ؟

مەن دەرهال ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدىم.

— بۇ راستمۇ؟

قۇندۇزئاي ئاستا يان تەرەپكە قارىۋالدى...

## 15

توي كىيىمى قۇندۇزئاينى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋەتكەنىدى، مەن چەكسىز مۇھەببەت ئىلكىدە ئۇنىڭغا تىكىلدىم، قۇندۇزئاي مېنى يېنىك قولتۇقلىۋالغانىدى، گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە توي زالىغا كىرىپ كەلدۇق، شۇئان ئەخمەتنىڭ شوخ، يېقىملىق ناخشا ئاۋازى ياڭرىدى:

هەي، هەي مۇبارەك،
تويلار مۇبارەك.
مەڭگۇ بىر سوقسۇن يارىيار،
بىر جۈپ قوش يۈرەك...

گۈلزىيە قۇندۇزئاينىڭ قولدىشى ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال ئىدىم، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ بىزدىن ياردىمىنى قىلچىمۇ ئايىمىغانىدى.

تويىمىزغا شىرئەلى بىلــەن مۇزەپــپــەر ئاللــىبۇرۇن كەلگەنىدى.

ئورنىمىزغا جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن مۇزەپپەر ئاستا يېنىمغا كېلىپ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

— بۈگۈن ئەڭ ياخشىسى سەن ئاز ئىچ، ساڭا ۋاكالىتەن مەنلا ئىچەي، شىرئەلى بىلەن پەرهات ماڭا هە ـ هۇ دېيىشىپ بېرىدۇ...

لېكىن مەن ئاشۇ ئۇنتۇلماس توي ئاخشىمى يەنە گۆدەكلە-

كىمگە قايتىپ كەلدىم، ھېلىقى قوڭۇر چاچلىق كىچىك قىز گارموننى ئۇنسىز چېلىپ مېنىڭدىن بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى...

مەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم ۋە قۇندۇزئايغا تىكىلدىم، ئەكسىچە قۇندۇزئاي ھېچنېمىدىن بىخەۋەر ھالدا ماڭا گىرە سې- لىپ، خۇددى ئۇيقۇدىكى ئاق پەرىدەك يېنىك پۇشۇلدىغىنىچە ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ لەۋلىرىدە بولسا، تەسۋىرلىگۈسىز بەخت تەبەسسۇمى قېتىپ قالغانىدى...

*                    *

نېمە ئۈچۈندۇر مەن كىچىك چاغلىرىم توغرىسىدا گەپ ئاچ- سامىلا قۇندۇزئاي ئۆزىنى قاچۇراتتى، بىر ئىشنى باھانە قىلىپ بولسىمۇ سىرتقا چىقىپ كېتەتتى. بۇ ھال ماڭا بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلماقتا ئىدى، مەنچە بولغاندا ئۇ ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى، لېكىن ھازىرقى ئەھۋال بولسا تامامەن ئەكسىچە ئىدى. ئەجەبا ئۇ كىچىك ۋاقتىمىزدىكى ھېلىقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالمى- غاندۇر؟ ئاخىر مەن ئۇنى ھېلىقى گارمون ئارقىلىق سىناپ باقماقچى بولدۇم، گارموننى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويدۇم- دە، سىرتقا چىقىپ كەتتىم، قۇندۇزئاي بولسا گارموننى پولاڭلات- قىنىچە ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۆزىنى ماڭا ئاتىدۇ، دەپ پەرەز قىلاتتىم، ئەپسۇس قىياسىم پۈتۈنلەي خاتا چىققانىدى، چۈنكى ئۆيدە قۇندۇزئاي كۆرۈنمەيتتى، ھېلىقى گارمون يەنىلا ئۆز ئورنىدا تۇرغان بولۇپ، ئاستىغا بىر پارچە خەت باستۇرۇپ قويۇلغانىدى، مەن دەرھال بېرىپ خەتنى قولۇمغا ئالدىم، ئۇنىڭغا مۇنداق يېزىلغانىدى.

«قەدىرلىكىم رىشات، قەلبىڭىزدىكى مەڭگۈلۈك ئەقى-

دە، مېنى ئاخىر سىز ئۆچۈن ئەڭ كۆڭۈلسىز بولغان بۇ سىرنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر قىلدى...

قولىڭىزدىكى بۇ خەتنىڭ سىزگە تەسۋىرلىگۈسىز روھىي ئازاب، چۈشكۈنلۈك ئەكېلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، قولۇمغا قەلەم ئالغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. كىچىك چاغلىرىڭىز توغرىسىدا ئېغىز ئاچسىڭىز ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ داۋاملىق سىزنى ھەيران قالدۇرۇپ كەلدىم، ھەرگىزمۇ سەۋەبسىز ئەمەس، رىشات، چۈنكى بىز ئىلگىرى ھېچقاچان كۆرۈشۈپ باقمىغان، سىزنىڭ گۈزەل ئەسلىمىڭىزدىكى ھېلىقى قوڭۇر چاچلىق كىچىك قىز مەن ئەمەس، بەلكى مېنىڭ قوشماق ھەدەم يۇلتۇزئاي، ئەپسۇسكى، ئۇ ھازىر بۇ ئالەمدە يوق، ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە بىر قېتىملىق قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغانىدى، لېكىن ئۇ دائىم ماڭا گارمون توغرۇلۇق ...

خەتنى داۋاملىق ئوقۇشقا ئامالسىز قالدىم، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، پۇتلىرىم ماغدۇرسىزلىناتتى ...

مەن ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا خەتنى چىڭ سىقىملىغىنىمچە ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم ...

# يېتىم بوۋاي

## مۇقەددىمە

ياش قارىينىڭ مۇڭلۇق قىرائىتىدىن كېيىن جامائەت مەر-
ھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلىشتى - دە،
بەزىلەر ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە ياكى تونۇش -
بىلىشلىرىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاشقا ماڭسا، يەنە بەزىلەر ئۆز
ئىشلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن مەھەللە تەرەپكە قاراپ ئاقتى.
ئالدى پۇتلىرىغا ئېڭىكىنى تىرەپ ياش لىغىلداپ تۇرغان كۆزلى-
رىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، بىر چەتتە شۈمشىيىپ ياتقان قېرى
تايغان ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، بوش قالغان قەبرە ئالدىغا كېلىپ
بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن بوش غىڭشىغىنىچە پۇكلىنىپ ئول-
تۇردى، شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۆز ئىگىسىگە شۇنچىلىك ئىچى-
كىشىپ كەتكەن بۇ بىچارە جانىۋار شۇ پەيتلەردە بەكلا شۈمشى-
يىپ، قۇلاقلىرىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى سالپىيىپ كەتكەنىدى.
راستىنى دېگەندە ئۇ كۆز ئالدىدىلا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلارغا
بەكمۇ ھەيران قالغانىدى، چۈنكى بايىقى بىر توپ كىشىلەر كۆ-
چۈك ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆز بالىسىدەك ئاسراپ، يېمىگەننى يېگۈ-
زۈپ چوڭ قىلغان بۇ بوۋاينى قاراپ تۇرۇپلا مۇشۇ يەرگە كۆمۈۋەت-
تى، ئۇ بۇ ئىشلارنى بىر چەتتە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇردى،
ئۇ ئەتىگەندىن باشلاپ جامائەتتىن زادىلا ئايرىلمىدى، باشقىلارمۇ
ئۇنى پەقەتلا قوغلىمىدى، ئۆيدىن چىقىپ مەسچىتكە، ئاندىن
مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە ئۇلارغا تاپ بېسىپ ئەگەشتى، ئۇ ئىلگىرى

بۇ يەرگە بىرنەچچە قېتىم ئويناپ كېلىپ باققانىدى، لېكىن بۇ يەرنىڭ بۇنداق قاباھەتلىك، قورقۇنچلۇق يەر ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى، ئۇ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە ئىنسانلارنىڭ ئەخمىقانە ئىشلىرىنى تولا كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق چۈشىنىكسىز، رەھىمسىز قىلىقلىرىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇلار بوۋاينى خۇددى بوۋاقلار ياتىدىغان بۆشۈكتىن چوڭراق ياسالغان ئالاھىدە بىر بۆشۈككە كىگىز بىلەن ئوراپ سېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، ئۇ بۇ ئىشلارغا ھەيران قالدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنسانلار بىلەن بىرگە ياشاش داۋامىدا نېمىنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئاساسەن بىلىپ بولغانىدى، بولۇپمۇ بۇ بوۋاينى ھېلىقى «ئورەك» كە سېلىپ، ئۈستىگە توپا تاشلىغاندا ئۇ قورقىنىدىنمۇ ياكى غەزەپلەنگەنلىكىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئىختىيارسىز ھاۋشىپ تاشلىدى، شۇئان ئېتىلىپ بېرىپ ئۇلارنى تالىغۇسى، قوغلاپ يۈرۈپ كۆرگۈلۈكىنى كۆزىگە كۆرسىتىۋەتكىسى كېلىپ كەتتىيۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەت، ئېچىنىش ۋە ھېسداشلىقىنى كۆرۈپ، بولۇپمۇ ئاق سەللىلىك بىر توپ كىشىنىڭ مۇڭلۇق «ناخشا» سىنى ئاڭلاپ، قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن لاسسىدە بولۇپ قالدى. ئۇ بوۋايغا ئەگەشكەن شۇنچە يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن يەرلەرگە باردىم، كۆرمىگەن ئىشىم قالمىدى دەپ ئويلايتتى، باشقا بۇرادەرلىرى ئالدىدا ئەنە شۇ ئارتۇقچىلىقى، باي باياشات تۇرمۇشى بىلەن ماختىناتتى، لېكىن ئۇنىڭ بۈگۈن كۆرگەنلىرى كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمەيۋاتاتتى.

ئۇ بۈگۈنمۇ ئادەتتىكىدەك ئورنىدىن ئەتىگەن تۇرۇپ، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئۆز زوۋانى بىلەن بوۋاينى چاقىرىپ باقتى، يىغلاپ يېلىنىپ باقتى، لېكىن بوۋاي ئىشىكنى پەقەتلا ئاچاي دېمەيتتى، ئادەتتە بوۋاي ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا كۆڭلىدىكىنى

بىلىۋالاتتى، ئۇمۇ بوۋاينىڭ گەپلىرىنى چۈشىنەتتى، بوۋاي ھەر كۈنى ئۇنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم ئوينىشاتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەتىگەنلىك ئۇمىچىنى بېرىۋېتىپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ ئۆزىگە ناشتىلىق تەييارلايتتى، ناشتىدىن كېيىن ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ئۆستەڭ بويىدىكى قېرى تالنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ مۇڭلانغىنىچە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئۇھسىنىپ تۇرۇپ كېتەتتى، نىمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ دۇئا قىلاتتى، قېرى تالغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بىر پارچە سۈرەتكە تىكىلگىنىچە ئۈنسىز ياش تۆكەتتى، كۆك تاماكىسىنى قېنىپ - قېنىپ شورايتتى، بەزى چاغلاردا ئۇنىڭ مويلىرىنى تارىغاچ:

«ئۇلار ھاياتلا بولسا مېنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ، بۇ كەمگىچە سائادەتمۇ موماي بولۇپ كەتكەندۇ، قىزىم كۆز ئالدىمدا بولغان بولسا بۇ كەمگىچە نەۋرىلىكمۇ بولۇپ قالاتتىم، ئۇ چاغدا سەنمۇ بۇنچىلىك زېرىكىپ كەتمەيتىڭ» دەپ پىچىرلايتتى قولياغلىقى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتكەچ ۋە ئارقىدىنلا تاماكا قۇتىسىنى ئىزدەيتتى، بۇ چاغدا ئۇمۇ بوۋاينىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقاچ جىمىپلا كېتەتتى، ئۇ ئەقلىنى تاپقاندىن بۇيان بوۋاي تەنھا ئىدى. نېرىقى مەھەللىدىكى ئاسىم چولاقتىن باشقا بىرەرىنىڭ ئۇنى يوقلاپ كەلگىنىنىمۇ ئەسكە ئالالمايتتى، ئىشقىلىپ، بوۋاي ئادەتتە تولىمۇ مىسكىن، كەم سۆز، مۇشۇنداق چاغلاردا بەكلا بىچارە بولۇپ كېتەتتى، ئۇمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى، نەدە تۇغۇلۇپ، قاچانلاردىن باشلاپ بوۋاينىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتكەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيتتى، جەمەتىدىكى يېڭى تۇغۇلغان كۈچۈكلەرنىڭ ئانىلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ ئېمىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، بوۋاينىڭ ئۆزىنى سوسكا بىلەن ئېمىتىپ چوڭ قىلغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولاتتى، ئانا سۈتىنىڭ تەمىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆمرىگە ئېچىناتتىيۇ، بوۋاينى كۆرگەن

هامان ھەممىنى ئۇنتۇيتتى.

ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان بوۋاي ھاراقتىن ئۆزىنى تارتىپ، تاماكىنى ئانچە كۆپ چەكمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، چەكسىلا قېقىلىپ يۆتىلىپ بەكلا قىينىلىپ كېتەتتى، ئارىلاپ - ئارىلاپ قان تۈكۈرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك يوغىناپ، قۇلاقلىرى دىڭ بولۇپ كېتەتتى ۋە بوۋاينىڭ پۇچقىقىنى چىشلىگىنىچە ئۆي تەرەپكە سۆ- رەيتتى، ئۇنىڭچە بولسا بوۋاي قەتئىي يۆتەلمەسلىكى، يىغلىماس- لىقى، ھەسرەتلەنمەسلىكى، ئۆزىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن، بۇگۈنكى ئەھۋال تامامەن باشقىچە ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاللىقانداقتۇر بىر خىل قورقۇنچ كىرىد- ۋالغانىدى (بولۇپمۇ ئاسىم چولاقنىڭ بۈگۈنكى ھالىتى، قەبرە ئالدىدا يالغۇز قېلىپ ئېيتقان «ناخشا»سى، ھەسرەتلىك يىغىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى باشقىدىنلا ئەندىشىگە سېلىپ قويغانىدى).

ئۇ ئىشىككە ئۆزىنى توختىماي ئۇرغىنىچە ئەنسىز ھۇۋۇلايت- تى، قاۋايتتى. قوشنىلار بۇ نورمالسىز ئەھۋالدىن بىرەر كېلىش- مەسلىكنى سەزدى بولغاي ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى، لې- كىن ئۆيدە بوۋاي يوق ئىدى. قېرى تايغان سۇپىغا سەكرەپ چىقىپ بوۋاينىڭ ياستۇقىنى بىردەم ھىدلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى ۋە ئۇدۇل ئۆستەڭ بويىغا قاراپ چاپتى، دېگەندەك بوۋاي يۇرىكىنى تۇتقىنىچە تالنىڭ بويىدا سۇنايلىنىپ ياتاتتى. قېرى تايغاننىڭ ئەنسىز ھۇۋۇلاشلىرىنى ئاڭلىغان بىرنەچچە كىشى تالنىڭ بويىغا كەلدى ۋە بوۋاينى ھاپاشلىغىنىچە مەھەللە تەرەپكە قاراپ چاپتى، ئەمەلىيەتتە بوۋاينىڭ جان ئۈزگەنلىكىگىمۇ بىر- نەچچە سائەت بولغانىدى…

قېرى تايغان ئاخىر ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈل خوجىسىدىن مەڭ- گۈلۈك ئايرىلىپ قالغانلىقىغا تەن بەردى، ئۇ ئۆز زۇۋانى ۋە ھېسسىياتى بىلەن ھازا تۇتقىنىچە تۇپراق بېشىنى پىرقىراشقا

باشلىدى، تېخى بايىلا دۆۋىلەپ قويۇلغان توپىلارنى تۇمشۇقى بىلەن تۇرتەيتتى، ئالدى پۇت پەنجىلىرى بىلەن كولايتتى.

ئۇ ئىلگىرى بىرنەچچە قېتىم ئۆز جەمەتىدىكى مويسىپىتلار بىلەن ئۆلۈم ھەققىدە پىكىرلىشىپ باققان، ئەجدادلىرىدىن قالغان «ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيدۇ» دېگەن ھېكمەت بويىچە ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكى ھەققىدىمۇ ئويلىشىپ قويغانىدى. لېكىن بۇۋايدىن كېيىن قېلىشىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى... ئۇ ئاخىر ھېرىپ - چارچىدى بولغاي ئۆزىنى قەبرە بېشىغا تاشلاپ، ئەسلىمىلەر قايىنىمىغا غەرق بولدى... ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىك بامداتتىن يېنىپ قەبرە بېشىغا چىققان بىرنەچچە مويسىپىت ھېلىقى قېرى تايغاننىڭ بوۋاينىڭ قەبرىسى ئالدىدا قېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى ...

## 1

كاماندىروپكا ۋەجى بىلەن ئايرىم ۋاقىت چىقىرىپ، ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزۇن يىللار بولغان، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا سەھرايىمغا كېلىپ، دوستۇم خالمۇراتنىڭ ھەمراھلىقىدا باللىق چاغلىرىمنىڭ، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمنىڭ ئىزنالىرى قالغان مەكتەپنى، نۇرغۇن يەرلەرنى كەزدىم، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارنى، ئوقۇتقۇچىلىرىمنى يوقلىدىم، دوست - يارەنلىرىم بىلەن قانغۇدەك مۇڭداشتىم، يۇرتۇمنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ - قېنىپ ھوزۇرلاندىم.

مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ يۇرت ئەسلىي ئازادلىقتىن كېيىن قىسمىدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى ئاساس قىلىپ ئاچقان، جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتە سوۋېت چېگرىسىغا يېقىن، كىلىمات

جەھەتتە سۈيى ئەلۋەك، ھۆل - يېغىن مول بىر تىلسىم ماكان بولۇپ، كېيىنچە يۇقىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تولۇقلىنىشى نەتىجىسىدە كېڭەيتىلىپ، ئەسلىدىكى كەڭ كەتكەن قومۇشلۇق، ئېدىرلىق ۋە سايلىقلار، شورتاڭلىقلار بارا - بارا كۆجۈم مەھەللىلەر، سالا - سالا ئېتىزلار، بۈك - باراقسان ئورمانلار، مېۋىلىك باغلار بىلەن ئالمىشىپ، بۈگۈنكى مانا شۇنداق ئۆزگىچە خاس گۈزەل بىر ماكان بولۇپ شەكىللەنگەنىكەن. كېيىنچە «كۆكدالا» دېگەن يارىشىملىق نام بۇ يۇرتنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك ھەقىقىي نامىغا ئايلىنىپ، ھازىرغىچە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ يۇرتنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنىڭ، ياشلارنىڭ گۈزەل ياشلىقى، قان - تەرى بۇ يۇرتنىڭ ھەربىر چىمدىم توپىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، تەبىئەت بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇنلىغان تەسىرلىك ئىشلار مانا ئەمدىلىكتە ئاللىبۇرۇن ئوتتۇرا ياش ياكى بوۋاي - مومايغا ئايلانغان، ئەينى چاغدىكى ئوت يۈرەك ياشلارنىڭلا خىيال بوشلۇقلىرىدا، ئەسلىمىلىرىدە ساقلىنىپ قالغانىدى... بۈگۈنگە كەلگەندە رەھىمسىز ئەجەل ئەكېتىدىغانلىرىنى ئەكېتىپ، مەھەللىمىزدىكى كونىلارمۇ بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا قاپتۇ، بولۇپمۇ مەن ئۇنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلاپ شۇئان بىر قىسىملا بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ دائىم يان تەرەپكە تارىۋالىدىغان يارىشىملىق ئاپئاق قويۇق چاچلىرى، بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى، ئېگىز قامەتلىك بەستى ئىختىيارسىز كۆز ئالدىمغا كەلدى، كىچىكىمدىكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە ئىش ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ...

بىزنىڭ بىر ئاق باش سىېغىن كالىمىز بولىدىغان، ئۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھەقىقىي كالا بولۇپ، تولىمۇ ياۋاش

ئىدى. ئەتىگىنى باغلاقتىن يېشىۋەتسەكلا ئۆزى بېرىپ پادىغا قوشۇلۇۋېرەتتى، لېكىن ئەتىگەن تۇرۇپ كەتكەن كۇنلىرىم ئۇنى ئاستىلا تونۇر بېشىغا ئەكېلىپ شاقلا قىلىپ مىنىۋالاتتىم ـ دە، پادىغا ئۆزۈم ئاپىرىپ قوياتتىم، كالىنى مىنىۋالغىنىمنى كۆرۈپ قالغان ئاپامدىن بىرنەچچە قېتىم تىل ـ دەشنام يېگىنىم هازىرقىدەك ئېسىمدە …

بىر كۇنى كالىمىز پادىدىن بالدۇرلا قايتىپ كەلدى، خۇشلۇقۇم تۇتۇپ كېتىپ ئۇنى ئۆزۈم نوختىلاپ قويماقچى بولدۇم، لېكىن ئاسانلا يەشكىلى بولىدىغان نوختىنى سېلىشنىڭ بۇنچىلىك قىيىنلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن. ئۇنداقمۇ قىلىپ باقتىم، مۇنداقمۇ قىلىپ باقتىم، لېكىن پەقەتلا قالماشتۇرالمىدىم، ئاخىرىدا شۇنداق ئەقىل تاپتىمكى، نوختىنى ئۆزۈمنىڭ بېشىغا سېلىپ سىناپ كۆرمەكچى بولدۇم، ئەتراپقا قاراپ هېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى جەزملەشتۇرگەندىن كېيىن نوختىنى ئەمدى بېشىمغا سېلىپ تۇرۇشۇمغا، يېقىنلا يەردىن تۇيۇقسىز بىراۋنىڭ قاقاقلاپ كۇلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، چۆچۈپ قارىسام ئۇ ماڭا قاراپ كۇلۇپ تۇرۇپتۇ، مەخپىيىتىمنى كۆرۈپ قالغان بۇ قىزنى كۆرۈپ غۇزژىدە ئاچچىقىم كەلدى ـ دە، نوختىنى بېشىمدىن ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇغان هالدا ئۇنى تىللىغىنىمچە قوغلاپ كەتتىم …

مەهەللىمىزدىكى چوڭ ـ كىچىك هەممە ئۇنى ئەۋزە قىزى دەپ چاقىرىشاتتى، بۇ ئۇنىڭ هەقىقىي ئىسمىمۇ ۋە ياكى لەقىمىمۇ هېچكىم سوراپ يۇرمەيتتى، ئۇنىڭمۇ باشقىلار بىلەن باردى ـ كەلدىسى يوق دېيەرلىك ئىدى، لېكىن ئۇ كىچىك بالىلارغا بەكلا ئامراق ئىدى، يانچۇقىدىن قەنت ـ گېزەك زادىلا ئۆكسۈپ قالمايتتى، دائىم ئىتتىنى ئەگەشتۇرۇۋالاتتى، بىز ئۇنى كۆرسەكلا ئارقىدىن خېلى يەرلەرگىچە ئەگىشىۋالاتتۇق. مەهەللىمىزدىكى مويسىپىتلار ئۇنى ناماز ئوقۇمايدۇ، مەسچىتكە كىرمەيدۇ، هاراق

ئىچىدۇ دەپ كەينىدىن قارغايتتى، لېكىن ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك، ئۇچرىشىپ قالغانلاردىن سالىمىنى، كىچىك بالىلاردىن كەمپۈتىنى ئايىماي يۈرۈۋېرەتتى، ئاسانلىقچە گەپ قىلمايتتى. قىش كۈنلىرى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ كۆمۈرخانىسىغا بىرەر ماشىنا كۆمۈر ئۆزلۈكىدىنلا لىقلىنىپ قالاتتى، كىمنىڭ تاپشۇرۇقى يا-كى ھاۋالىسى ئىكەنلىكىنى شوپۇرلارمۇ بىلمەيتتى، ياز كۈنلىرى ھەپتە ياكى ئاي ئاتلاپ كېلىدىغان ھارۋا - ھارۋا قوغۇن - تاۋۇزلار ئوقۇغۇچىلارغىچە تارقىلاتتى. شۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ تاي-غىنىنى ئەگەشتۈرگىنىچە بىرەر بوتۇلكا ھاراقنى يانچۇقىغا سې-لىپ، ئەتراپتا بولۇۋاتقان تالاش - تارتىشلار بىلەن پەرۋايى پەلەك ئۆستەڭ بويىدىكى قېرى تالنىڭ بويىغا قاراپ يۈرۈپ كېتەتتى.

بىز ئاسىمكامنىڭ ھەمراھلىقىدا مەرھۇمنىڭ ئادىتىلا تۇلۇق باسۇرۇلغان تۇپراق بېشىنى يوقلاپ بولۇپ، ئاسىمكامنىڭ يول باشلىشى بىلەن ھېلىقى ئۆستەڭ بويىدىكى قېرى تالنىڭ يېنىغا كەلدۇق.

— بۇرادەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھايات سەرگۈزەشتىسى ۋە قەل-بىنى قۇرتتەك غاجاپ كەلگەن ھەسرىتىگە، چىداپ بولغىلى بول-مايدىغان تەنھالىقىغا گۇۋاھ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەسەللى بېرىپ، غېرىپ كۆڭلىنى ياساپ يۈرۈپ ئاخىر ئۇنىمۇ ئۇزىتىپ قويدۇم، — دېدى ئاسىمكام ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا، — ھەممىمىز بۇ دۇنيانى بەك رەھىمسىز دەپ ئاغرىنىدى-كەنمىز، ئەمەلىيەتتە شۇ رەھىمسىزلىكتە ئۆزلىرىمىزنىڭ سەۋەب-چى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەنمىز.

بىز ئاسىمكامغا ئەگىشىپ كۈنچىقىشقا قاراپ ئۇزاقتىن ئۇ-زاق دۇئا قىلدۇق، ئاسىمكام قېرى تالغا قاراپ بىردەم ئۇھسىندى ۋە كۆز ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ھېكايىسىنى باشلىدى.

## 2

ئۇ مەھەللىگە كىرىپ كەلگىنىدە يۈرىكى تۇيۇقسىز ئەنسىز ئېغىپ كەتتى، مۇشۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ چۈشلىرى بۇزۇلۇپ، يۈرەكنى قانداقتۇر بىر خىل ئەندىشە سىقىۋالغان ئىدى. مەھەللە يەنىلا شۇ مەھەللە، لېكىن تولىمۇ تىمتاس ئىدى، كۆۋرۈك بېشىغا توپلىشىۋالىدىغان ھېلىقى «ۋەزىيەتشۇناسلار» نىڭ بۈگۈن بىرەرسىنىڭمۇ قارىسى كۆرۈنمەيتتى، ئۇ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى، ئۇچرىشىپ قالغانلارغىمۇ بىلىنەر - بىلىنمەس بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە دادىسىنىڭ كەلگىنىنى يۈرىكى تۇيۇپ تۇرىدىغان ئوماق قىزى ئادىلە بۈگۈن ئىشىك ئالدىدا كۆرۈنمەيتتى، مۇشۇ ئىككى ئايدىن بېرى قىزىنى تولىمۇ سېغىنىپ كەتكەن دادىنىڭ كۆزى ھويلا ئىشىكىگە تىكىلدى. ھويلا ئىشىكىگە ھېلىقى چوڭ قارا قۇلۇپ ئېلىپ قويۇلغان بولۇپ، ئېتىلمىگەنىدى، ئۇ ئىختىيارسىز يېنىك تىنىپ قويدى.

ئىشقىلىپ، ئىككى ئايلىق ئۆگىنىش داۋامىدا ئاڭلىغان باش - ئاخىرى يوق خەۋەرلەر ئۇلارنى ئەندىكتۈرۈپ، ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويغانىدى.

— سوۋېت چېگرىسى ئېچىلىۋېتىپتۇدەك!

— بىزنىڭ يۇرتىمۇ قېچىش ئەھۋالى ئېغىر دەمدۇ نېمە؟ ئادەمنى ئەنسىرىتىپ!

— بالا - چاقامنى خۇدايىم ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم.

ئۇمۇ تېشىدا كۈلۈپ يۈرگىنى بىلەن قۇلىقىغا كىرىپ تۇرغان شۇ خىلدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ يۈرۈپ، دەسلەپتە ياقىسىنى چىشلىگەن بولسا كېيىنچە ئۆز خىيالىدىن ئۆزى چۆچۈپ،

كېچىلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالماس بولۇپ قالغانىدى، چۈنكى ئۇنىڭمۇ ئىللىق ئۆيى، ياخشى كۆرۈپ ئالغان ئايالى، ئوماق قىزى بار - دە!

— كۆكدالا بىلەن چېگرىنىڭ ئارىلىقى ئىككىلا قەدەم جۇمۇ، ئاداش، — دەپ تېرىكتۇرۇپ قوياتتى ئۇنى ياتاقداشلىرى، — تارانچى دېگەننىڭ قىزلىرىنى باغلاپ باققۇلۇق دەپتىكەن.

بۇنداق چاقچاقلار ئۇنىڭ يۈرىكىگىلا تېگەتتى، لېكىن زادىلا چاندۇرمايتتى. سائادەتنىڭ مېھىرلىك چېھرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆزىگە تەسكىن تاپاتتى ياكى بولمىسا چامانداندىكى سۈرەتنى ئېلىپ قىزىغا تويماي قارايتتى، سائادەت بىلەن خىيالەن مۇڭدىشاتتى، قىزىغا ئالغان قونچاقنى بىردەم - بىردەم سىلاپ قوياتتى.

ئىككى نەپەر كۇرسانتنىڭ بىر كېچىدىلا تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى بىلەن مەكتەپنىڭ تۈزۈمى چىڭىپ، ھەتتا كېچىلىرىمۇ ئىدىيۋى تەربىيە، سىياسىي ئۆگىنىشلەر كۈچىيىپ كەتتى، ئۈچ ۋاخ تاماق نورمىسىز بولغان بىلەن كۇرسانتلارنىڭ كەيپىياتى بەكمۇ روھسىز ئىدى، چۈنكى مۇشۇ كۈنلەردە ھەركىمنىڭ ئۆزگىچە ئەندىشىسى ھەممىگە ئايان ئىدى، رۇخسەت سوراش قاتتىق چەكلەنگەن بولۇپ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقە ئاساسىي جەھەتتىن ئۈزۈلگەنىدى، چېگرىنىڭ ئېچىۋېتىلگەنلىكى ھەققىدىكى سۇئاللاردىن ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرىنى قاچۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ، شەھەردە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىككى ئايلىق كۇرس ئەنە شۇنداق دەككە - دۈككە، ئەنسىزچىلىك ئىچىدە تاماملاندى.

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ھويلىغا كىردى، ھويلا ئىچى بەكلا قالايمىقان بولۇپ، ھەممىلا يەردىن بىر خىل بىسەرەمجانلىق چىقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى بىر خىل شۇملۇقنى سەزدى بولغاي، دەرھال چامادانىنى قويۇپ، قولۇپنى ئېچىپ ئۆيگە كىر-

دى، ئۇنىڭ كۆزىگە ئالدى بىلەن چېلىققىنى ئۇستەل ئۇستىدە پىيالىغا باستۇرۇپ قويۇلغان بىر پارچە خەت بولدى. ئۇ قولىدى-كى خەتنى ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ ئوقۇپ چىقتى. ئىشىنىپ تۇرۇپمۇ ئوقۇدى، ئىشەنمەي تۇرۇپمۇ ئوقۇدى. خەتنى ھەربىر قېتىم ئوقۇغىنىدا خەت مەزمۇنىنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىنى، خەتنىڭ ئۆزىگە قىلىنغان چاقچاق بولۇپ قېلىشىنى ئاللادىن تى-لەيتتى، لېكىن خەتنى قانچە ئوقۇغانسېرى خەتتىكى ھەربىر جۈملە سۆز خۇددى سائادەتنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقاندەك ئۇنى ئىشىنىشكە مەجبۇرلايتتى. خەت قىسقىلا يېزىلغانىدى.

«مەن سىزنى ۋاپادار، جىگەرلىك دەپ سىزدىن پەخىر-لىنىپ كەلگەنىدىم، لېكىن خېتىڭىزنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. يىغلىدىم، قاقشىدىم، خەتنى ماڭا مەست بولۇپ قېلىپ ياكى چاقچاق قىلىپ يازغاندۇر دەپ ئويلاپ سىزنى بىرنەچچە كۈن ساقلىدىم، تەشكىلدىن ئىزدەك - سورىقىڭىزنى قىلسام، سىزنى ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى دېگەن جاۋابقا ئېرىشتىم، خېتىڭىزدە بىزنى يەركەنت-تە ساقلايمەن دەپسىز، مەن سىزگە ئەگىشىپ ئەمەس سىزنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئاخىر يەركەنتكە قاراپ ئاتلاندىم. سىزگە قەدىرسىز بولۇپ تۇيۇلغان بۇ يۇرتنىڭ ھەر چىمدىم توپىسى مەن ئۈچۈن تۇتىيا، مەن سىزگە لازىم بولمىسامۇ لېكىن سىز قىزىمغا لازىم. قىزىمغا دادا لازىم، بۇ خەتنى ھەر ئېھتىمالغا قارشى يېزىپ قالدۇردۇم، ئەگەر پۇشايمان قىلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلسىڭىز بىزنى ئىزدەڭ، ئاھ خۇدا، سەپىرىمنى خەيرلىك، كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلغايسەن!

سائادەت»

«ئاھ خۇدا، بۇ نېمە كارامەت، مەكتەپتىن قاچقان مەن ئەمەس، باشقا بىر ئەزىز ئىدىغۇ؟ خەت، خەت، قايسى تۇزكورنىڭ نەيرىڭىدۇ بۇ؟»

ئۇ ئۆيدىن ساراڭدەك ۋارقىراپ يۇگۇرۇپ چىققىنىچە، ئۇچ-رىغانلا كىشىگە ئېسىلاتتى، ئايالىنى، قىزىنى سورايتتى، لېكىن قولىقىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى، «توغرا، توغرا يەركەنتكە»، ئۇ-نىڭ كاللىسى تۇيۇقسىز سەگەكلىشىپ، كىمنىڭدۇر ئىشىكى ئال-دىغا باغلاپ قويۇلغان ئاتقا سەكرەپ مىندى - دە، چېگرا تامان ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى...

## 3

ئاسىمكام سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاۋازلىرى تىترەپ بىر پەس جىمىپ كەتتى.

«توۋا دېگۈلۈك، بۇ دۇنيانىڭ بەزى ئىشلىرىغا ئادەمنىڭ راستتىنلا ئەقلى يەتمەيدۇ، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدىكى ھەيرانلى-قىمنى زورىغا بېسىپ، — ئاسىمكامنىڭ دېگىنىدەك ئاشۇ بەزى ئىشلارغا يەنىلا بىز، يەنى بىز ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىمىز سەۋەبچى!»

— ئاخىرى قانداق بولدى؟ ئۇلار ئۇچرىشىپتىمۇ؟

— خەتنى كىم يازغانىكەن؟

ئاسىمكام سوئاللىرىمىزنى ئاڭلاپ بېشىنى ئاستا چايقىدى.

ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئەنە شۇ بىر پارچە خەت تۇپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى، خوتۇن - بالىلىرىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىپ، ئۇنى تۈگىمەس دەرد - ھەسرەت، قايغۇ - ئەلەم، تەسۋىرلىگۈسىز ئاچچىق ئازابقا مۇپتىلا قىلدى، بۇرادەرگە كەلگەن ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىك-لەرمۇ ئىككى دۇنيالىقىغا يېتىپ ئاشاتتى، لېكىن بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ دېگەندەك، كېيىنچە ئۇنىڭغا چاپلانغان ھەر خىل

بەتنام، بېشىغا كىيگۈزۈلگەن تۇرلۇك - تۈمەن قالپاق، تۆگە-مەس سوراق ۋە تارتىپ چىقىرىشلار ئاخىر ئۇنىڭ قەددىنى سۇن-دۇرۇپ، ئەتراپتىكىلەردىن نەپرەتلىنىدىغان، كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدىغان، ئەنە شۇنداق جىمىغۇر، غەلىتە مىجەز قىلىپ قويغانىدى.

* *

ئۇ نەدىنىدۇر سۇندۇرۇۋالغان چىۋىق بىلەن ئاتنى بولۇشىغا ساۋايتتى، بەزىدە ئۇنسىز ۋە بەزىدە ۋارقىراپ نىدا قىلاتتى، كىملەرنىدۇر قارغايتتى.

يۇرىكىم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار مېنى يەركەنتتە ئەمەس چېگرىدىلا ساقلاۋاتىدۇ، ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتامدۇ تېخى، ھېلى-قى خەتنى يازغان مۇناپىقنىڭ جاجىسىنى خۇدايىم ئۆزى بېرەر، ئۆتنە ئالەم بۇ! ئاھ خۇدا! توغرا بالا - قازالاردىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن.

ئۇ شۇ ھال، شۇ ئۈمىد بىلەن چېگرا بويىغا كەلدى، چېگرا باشقىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك ئاللىبۇرۇن ئېتىۋېتىلگەن، ۋەزىيەتمۇ ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالغان بولۇپ، چېگرىنىڭ كەيپىياتى ئۇ-نىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بەتتەر سۇرلۇك ئىدى. ئۇ قولىدىكى سۇرەت-نى ئۇچرىغانلىقى كىشىگە كۆرسىتەتتى، قاراۋۇللارغا يېلىناتتى، يالۋۇراتتى، ئۆزىنى قارشى قىرغاققا ھەدەپ ئاتاتتــى، ئۇنىڭ ئاھ - پەريادىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى.

— ئۇنداق قىلماڭلار، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئاكا، دادا دەپ كېتەي، خوتۇن - باللىرىم مېنى ئەنە ئاۋۇ يەردە، ئاشۇ مەھەل-لىدىلا ساقلاۋاتىدۇ، ئۇدۇل بارىمەن - دە، ئۇلارنى ئېلىپ قاي-تىپ كېلىمەن، ماڭا ئىشىنىڭلار، مەنمۇ بىر كادىر، چوقۇم ئۇلارنى باشلاپلا قايتىپ كېلىمەن، ھەرگىز ھايال بولمايمەن.

ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىردەمدىلا كىشىلەر توپلىشىپ، ئەتراپ ھايت - ھۇيت دېگۇچە پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، چېگرا ئامانلىقىغا مەسئۇل بىر توپ ساقچى ۋە بىرنەچچە كادىر سۇپەت كىشى پەيدا بولدى - دە، بىرەر كۇتۇلمىگەن ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن، باشقىلارنى نەسىھەت بىلەن تارقىتىپ، ئۇنى يۆلەپ - سىغاپ دېگۇدەك ئىشخانىغا ئەكىرىپ، ئالدىغا چاي قويدى، ئۇ يەنىلا بايىقى سۆزىنى تەكرارلايتتى، ئۇلارغا يېلىناتتى، ئەھۋالنى ئاز - تولا چۇشەنگەن بىرى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغاچ ئەقىل كۆرستەتتى.

— ئۇكام، ئەڭ ياخشىسى ئۆيىڭىزگە قايتىپ، مەھەللىدىكىلەردىن سۇرۇشتۇرۇپ كۆرۈڭ، بەلكىم ئايالىڭىز سىزنى ئۆيدە ۋە ياكى قوشنا - قولۇملارنىڭ ئۆيىدە ساقلاۋاتامدۇ تېخى، چېگرا بويىدىن ئەل - يۇرت، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تارتىشىپ قايتىپ كەتكەنلەرمۇ، ھەتتا چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىپمۇ بىرنەچچە كۇندىن كېيىن قايتىپ كەلگەنلەرمۇ نۇرغۇن، ئايالىڭىز بىر پارچە گۇماندىلىق خەت بىلەنلا ئۇنچىلىك يېنىكلىك قىلىپمۇ كەتمەس.

ئۇ تۇيۇقسىز ئويلىنىپ قالدى، توغرا، بۇ كىشىنىڭ سۆزىنىڭمۇ ئاساسى بار، دەرھال مەھەللىگە قايتىش كېرەك، ئەمەلىيەتتە ئىشلار مەن ئويلىغاندەك ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇق، مۇرەككەپ ئەمەستۇر بەلكىم، سائادەت خەتكە ئالدىراپ ئىشىنىپ قالغان بىلەن، لېكىن مەن سائادەتنىڭ ئاخىرقى ھۆكۇمىگە ئىشىنىمەن. ئۇ ھەرگىز يېنىكلىك قىلمايدۇ، بەلكىم مەكتەپتىن مەن ئەمەس باشقا بىرىنىڭ قاچقانلىقىنى سۇرۇشتۇرۇپ بىلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشكىلى شەھەرگە كىرىپ كەتتىمۇ تېخى، بۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ!

ئۇ ئېتىغا سەكرەپ مىندى - دە، قانداق سۇرئەت بىلەن كەلگەن بولسا يەنە شۇ سۇرئەت بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى.

ئۇ يولىچە ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى، ئامال بار غەيرىي خى-ياللارنى ئويلىماسلىققا تىرىشاتتى، بىر تۇرۇپ ھېلىقى خەتنىڭ ئىگىسىنى قارغىسا، يەنە بىر تۇرۇپ ئۆزىنى تىللايتتى.

«ئاھ، خۇدا، ئاجىز بەندەڭگە بۇ نېمە كۆرگۈلۈك، نېمە تارتقۇلۇق ئەمدى، ئەينى چاغدا مەنمۇ ھېلىقى ئىككىسىدەك تو-قۇمنى بوينۇمغا ئېلىپلا قايتىپ كەلگەن بولسام، بەلكىم بۇ پارا-كەندىچىلىكلەرمۇ بولماس ئىدى. تەشكىل ھەرقانچە بولسىمۇ مې-نى تۇزۇمگە بويسۇنمىدىڭ دەپ بىر پاي ئوق بىلەن ئېتىۋەتمەس-تى، ئىسىت، ئىسىت، تومەن مىڭ ئىسىت! — ئۇ بۇ ئىشلارنى ئويلىغانسېرى پۇشايمان ئىلكىدە ئۆز گۆشىنى ئۆزى قورۇپ يېگۈ-دەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى، — ئاقىۋەتتە، ئەزان توۋلاپ قويۇلغان ئىسمىمنىڭ ئۆزۈمگە دۈشمەن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى قارىمامدىغان.»

ئۇ مەھەللىگە كەلگۈچە شۇ خىيال، شۇ ئازاب بىلەن ئۆزىنى مىڭنى تىللاپ، ھارغۇچە سوتلىدى، شۇنداقتىمۇ ئىشنىڭ ئاقىۋى-تىنى يامانغا تارتىپ ئويلاشقا پەقەتلا پېتىنالمايتتى، ئېنىقىنى دېگەندە قورقاتتى، ھېلىقى كادىرنىڭ ئۆزىگە قىلغان نەسىھەتىنى يادىغا ئېلىپلا بىر خىل ئۈمىد ۋە ئىنتىزارلىق ئىلكىدە ئاتنى كۆچەپ چىۋىقلايتتى.

## 4

— ئادەم دېگەننىڭ كاللىسى قىزىپ كەتسە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان، قولىقى پاك، نېمە ئويلاپ، نېمە قىلىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلىپ يېتەلمەيدىغان باشقىچىلا بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدىكەن.

ئاسىمكام قولىدىكى تاماكىنى يىمىرگىنىچە خۇددى مۇنبەر-دىكى ئوقۇتقۇچىدەك ئۇرغۇلۇق، تەسىرلىك سۆزلەيتتى.

— شۇ يىلدىكى «قاچ ـ قاچ» نىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە، چېگرا دېگەن ھاڭقىر- قاي ئۇچۇق، كىملەرنىڭدۇر سالاسى بىلەن بىر ـ بىرىگە ئەگە- شىپ، خۇددى كىچىك بالىدەك بىر ـ بىرىنى دوراپ، ياتنىڭ ئىلكىدە خۇددى ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان مىراسى باردەك ئالدى- راش كېتىۋاتقان ئاللىكىملەرگە، خۇددى ئەتىلا قايتىپ كېلىدى- غاندەك ئىشىــكىــنى قۇلۇپلاپــلا خوشمۇ دېمەي كېتىۋاتقان تونۇش ـ بىلىشلەرگە قاراپ ياقاڭنى چىشلىمەي ئامالىڭ يوق، ئىنسان ئۇچۇن ئانا ۋەتىنىدىن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت ـ ماكا- نىدىنمۇ ئۇلۇغ، مېھىرلىك، كەرەملىك يەر بولمىسا كېرەك، راھەت ـ پاراغەت ئۇچۇن ئۆز ۋەتىنىدىن، يۇرت ـ ماكانىدىن كەچكەنلەر، ئۆزگە يۇرتقىمۇ قانچىلىك كۆڭۈل بېرىپ كېتەر؟ ئېزىپ، ئادىشىپ كەتكەنلەرمۇ بار دەيلى، لېكىن ئاتا ـ بوۋىلىرى- مىزدىن قالغان «كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە ئۆز يۇرتۇڭ- دا ئۇلتان بول» دېگەن ھېكمەتلەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان- دىن كېيىن، يەنىلا ھەممىنى ئۆز پېشانىسىدىن كۆرگۈلۈك، لېكىن سائادەتكە ئوخشاش ئالدانغان شور پېشانىلەرنىڭ تەقدىرىگە نېمە دېگۈلۈك! تۇغۇلۇپ تېخى ئاتا مېھرىگە قانمىغان گۆدەكلەر- گىچۇ؟ ئىشقىلىپ، شۇ قېتىملىق «قاچ ـ قاچ» قاچقانلار ئۇچۇن مەڭگۈلۈك پۇشايمان، قالغانلار ئۇچۇن ئازابلىق ئەسلىمە بولۇپ قالدى.

ئاسمىكام يەنە بىر پەس جىمىپ كەتتى، ھاياجانلىنىپ كەت- كەنلىكىدىن بولسا كېرەك، ئېغىر ـ ئېغىر تىنىپ قوياتتى.

* *

شۇنداق قىلىپ بىر پارچە خەت ۋە ئىسىم جەھەتتىكى تەرەپ- بال ئوخشىشىپ قىلىش ئۇنى ئەنە شۇنداق ئازاب دەرياسىغا غەرق

قىلىشۋەتتى، ئۇ ئاخىر رېئاللىققا تەن بەردى، چۈنكى ئۇ سۆيۈمـ
لۈك ئايالىدىن، باغرى قانمىغان ئوماق قىزىدىن ئايرىلىپ قالغاـ
نىدى. ئۇ شۇ جەريانلاردا چېگرا بويىغا قانچە قېتىملاپ بېرىپ
كەلگىنىنى، قانچە ـ قانچە كېچىلەرنى قارشى قىرغاققا تىكىلگەـ
نىچە كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى ساناپ بېرەلمەيتتى.
ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى پەقەت ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆز-
گەرتىۋەتكەن ھېلىقى خەتنىڭ ئىگىسىنى نەدىن بولمىسۇن ئىزدەپ
تېپىپ قىساس ئېلىشتىلا ئىدى، ئۇ بارغانچە جىمغۇرلىشىپ
بارماقتا ئىدى، خىزمەتتىكى قىزغىنلىقى، بولۇپمۇ مىجەزىدىكى
ھېلىقى خۇش چاقچاقلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، ھەممىگە
گۇمان بىلەن قارايتتى، ئولتۇرغان يېرىدە سائەت ـ سائەتلەپ
خىيال سۈرەتتى، تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىۋالدىلا ئەمەس، سېپى
ئۆزىدىن بەڭگە بولۇپ كەتتى. مەزگىلسىز ئاقىرىشقا باشلىغان
چاچلىرىغا ھەپتىلەپ تارغاق سالمايتتى، كۆندە دېگۇدەك ئۆستەڭ
بويىدىكى تالنىڭ بويىغا كېلىپ ئايالى ۋە قىزىنىڭ ئامانلىقى
ئۈچۈن ئاللاغا يىغلايىتتى. ئىلگىرىكى ئىشلار ھەققىدە ئۇزاقـ
تىن ـ ئۇزاق ئويلىناتتى، ھاياتىدا زىددىيەتلىشىپ قالغان، ھەتتا
بىرەر قېتىم بولسىمۇ سەن ـ پەن دېيىشىپ قالغان ھەر بىر
كىشىنى ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشاتتى.

ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغان بولۇپ، تاغىسىـ
نىڭ قولىدا چوڭ بولغانىدى، ئونىنچى سىنىپقا چىققان يىلى
تاغىسى قازا قىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ تۈپتىن ئۆزگەـ
رىشلەر بولدى، ھامىيسىنىڭ پوزىتسىيىسىدىكى ئۆزگىرىش ئۇـ
نى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىگە تايىنىشقا، مۇستەقىل ياشاشقا
مەجبۇرلىدى، تاغىسى قازا قىلغاندىن كېيىن، ئانچە ـ مۇنچە
ئىزدىشىپ تۇرىدىغان تۇغقانلىرىمۇ ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا قارىسىنى
كۆرسەتمەس بولۇۋالدى، ئۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلدى، ئۆزىنى
ھەر ھالدا ئاچ ـ يالىڭاچ قويماي بېقىپ چوڭ قىلغان بۇ ئائىلىـ

دىن، مېھرىبان تاغىسىنىڭ روھىدىن قورۇنۇپ ھېچنېمە تەلەپ قىلمىدى، پەقەت تىرىشىپ ئوقۇپ، بىرەر كەسپىنىڭ ئەھلى بولۇپ، ئۆز ھالال مېھنىتى بىلەن ياشاشنىلا ئويلايتتى.

5

ئۇ ئۆمرىدە مۇنچىلىك جىق پۇلنى كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى. لېكىن، يەڭگىسى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇنچە پۇلنى سەۋەبسىزلا تەڭلەيدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئەمىدى بىزدە ئېلىشىدىك قالمىدى دېگىنىدۇر ـ يا؟ ئۇنىڭ كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمەي، قوش قايرىم كۆڭلىكىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىكى ئەللىك يۈەن پۇلنى سىلاپ قوياتتى. ئۇ مۇشۇ ھويلىدا ئەقلىنى تاپتى، لېكىن دادىسىنىڭ چىرايىنى ئەسلىيەلمەيتتى، ئاپىسى بولسا ئاغرىقچان ئىدى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن غورىگىل ئۆتەتتى. تاغىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ مەكتەپكىمۇ كىردى، لېكىن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا كەلگەندە ئاپىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى.

«ئۇكام، مەن سىزدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى، ئاكىڭىز بولسا ياش كەتتى، ئوغلۇم ئىككىمىز شۇنچە يىللاردىن بېرى سىزگە تايىنىپ كەلدۇق، بىزگە قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئاكىڭىز ئۇ ئالەمدە كۆرۈپ تۇرغاندۇ، مەن قايتۇرالمىغاننى ئوغلۇم چوڭ بولغاندا ھەسسىلەپ قايتۇرار. ئاكىڭىزنىڭ تەۋەررۈكى سىزگە كىچىك قالدى، قېرىنداشلىقنىڭ، ئالدىڭىزدا چوڭ بولغانلىقىنىڭ يۈز ـ خاتىرسى بولسىمۇ، ئۇنى قانات ئاستىڭىزغا ئېلىپ، يېتىملىكىنى چاندۇرماي، قاتارغا قوشارسىز، ئاكىڭىزنىڭ ئەزىزى ھەرگىز خار بولۇپ قالمىغاي.»

ئۇ شۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەرنى ئويلاپ، ياشلىرىنى توختىتالمىدى، تەقدىرگە ئېچىنىپ ئۈنسىز ياش تۆكتى. ئانىسى جان ئۈزۈش ئالدىدا تاغىسىغا بىر تۇگۇنچەكنى بەرگىنى ئۇنىڭ

ھېلىھەم ئېسىدە، لېكىن ئۇنىڭ مەيدە يانچۇقىدىكى ئەللىك يۈەن ئىكەنلىكى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنداق بولسا ئۇ زادى نېمىدۇر؟ ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە يەڭگىسى قولىغا چوڭ بىر سۇپۇرگىنى ئېلىپ، ئۇنى ھە دەپ قوغلاپ يۈرگۈدەك،

ئەتىسى ھەممە ئىشلار ئايدىڭلاشتى...

«ئۇكام، سىزمۇ چوڭ بولۇپ بەزى ئىشلارنى چۈشەنگۈدەكمۇ بولۇپ قالدىڭىز، قوشنا ـ قولۇملار «كەتكەنلەرنىڭ كەينىدىن كەتكىلى بولمايدۇ» دەپ ماڭا نەسىھەت قىلغىلى نېكەم، «يېتىپ يېسە تاغمۇ توشۇماپتۇ» ، دەپ بىزگىمۇ تۇرمۇش لازىمكەن، سىزـ غۇ يىگىت بولۇپ قالدىڭىز، جېنىڭىزنى جان ئېتىپ كېتەلەيـ سىز، ھەر ھالدا سىڭلىڭىزغا ئۆگەي بولسىمۇ بىر ئاتا كېرەك دەپ ئويلاپ، قوشنىلارنىڭ مەسلىھەتىگىمۇ كۆندۇم. ئەگەر يات كۆرۈپ قورۇنسىڭىز ۋاقىتلىق بولسىمۇ مەكتەپتە يېـ تىپ ـ قوپۇپ تۇرامسىز ـ يا؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇشىڭىزغىمۇ ھەر جەھەتتىن پايدىلىق. »

شۇنداق قىلىپ ئۇ كېچىسى مەكتەپنىڭ قاراۋۇلى، كۈندۈزى بولسا بۇرۇنقىدەك مەكتەپنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، يېـ ڭى، لېكىن جاپالىق تۇرمۇشنى باشلىدى. ئۇ ئۆزى تۇغۇلغان شۇ ئۆينى، ۋەللەي ئېتىپ چوڭ بولغان ئاشۇ ھويلىنى دېمىسە، ئۇنىڭ يەڭگىسىنىڭ چىرايىغا قارىغۇسى پەقەتلا يوق ئىدى. ئۇـ نىڭغا ھەممىدىن ئېغىر كەلگىنى ھېلىقى بۇرۇنقى «ئىچ كۆيئوـ غۇل» نىڭ توڭ قاپىقى ياكى يەڭگىسىنىڭ تاپا ـ تەنىسى ئەمەس، دەرۋازىدىن كىرگەندىكى ئوڭ تەرەپتىكى ئۇنىڭغا دادىسىدىن قالـ غان ئۆي، يەنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھىدى قالغان ئاشۇ تەۋەررۈك ئۆي، ئەمدىلىكتە يات بىر ئائىلىنىڭ ماكانى بولۇپ قالغانلىقى ئىدى.

ئۇ تاغىسىنىڭ مەزگىلسىز قورۇق باسقان چېھرىنى، ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىنى ئويلاپ، ئۆيدىن شۇ چىقىپ كەتكىنىچە بۇ

تەرەپكە قايتا قەدەم باسمىدى.

— نېمانچە كەم سۆز بولۇپ كەتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى بىر كۈنى قارا كۆز ئايشەم تەنەپپۇس ئارىلىقىدا ئۇنىڭدىن، — ئاڭلىساق مەكتەپتە يېتىپ قوپۇۋېتىپسىز، قىيىنلىشۋاتقانسىز؟ تۇراندەمنىڭ نېمە قىلغىـنى بۇ ئەمـدى؟ يېتىمنى بوزەك قىلـغۇچە... — ئۇ ئويلىماي قىلىپ قويغان سۆزىدىن ئۆزى چۆچۈپ ئۇنىڭغا لاپپىدە تىكىلدى، — كەچۈرۈڭ، ئەسلىي ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس ئىدىم، باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە تۇراندەمنىڭ مەقسىتى باشقىمىش، ئۇنى ئاشۇنداق رەھىمسىز قىلىۋەتكەن قورۇ ـ جاي، ئەسكىگە ئەسكىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرغۇلۇق، سىزمۇ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا...

قارا كۆز ئايشەم مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدىنمۇ ئۆتە يېقىنچىلىق قىلىۋاتاتتى. ئادەتتىـمۇ ئۇنىڭـغا كۈنـدە دېگۈدەك ئۇنى ـ بۇنى ئەكېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشاتتى. ئۇ ئالدىدىكى بۇ ياسانچۇق قىزچاققا تىكىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەقىقەتەن قارا بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئۇنى «قارا كۆز ئايشەم» دەپ ئاتىشىمۇ مۇبالىغە ئەمەس ئىدى.

— كۆيۈنگىنىڭىزگە رەھمەت، ھازىر مېنىڭ ئويلايدىغىنىم ئۇ ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى.

ئاڭغىچە دەرەخ پۇتىقىغا ئېسىقلىق داڭنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. مەيداندىكى ئوقۇغۇچىلار سىنىپقا قاراپ ئاقتى...

## 6

ئەزىز مەكتەپكە كۆچۈپ كەلگەندىن باشلاپ، مەكتەپنىڭ پېشقەدەم ئىشچىسى ئۇنى خاتىرجەم دەرس تەييارلىسۇن دېدىمۇ ۋە ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئاخشىمى مەكتەپنى ئۇنىڭغا ئوڭچە تاشلاپ بەرگەنىدى. ئەزىز ھەر ھالدا بۇنىڭدىن خۇ-

شال ئىدى. ئاپىسى بولۇپمۇ تاغىسى قازا قىلىپ كەتكەندىن كې-
يىن، ئۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۆيگە، ياق، يەڭگىسىگە
ئارتۇقچە بولۇپ قالغانلىقى ئەمەلىيەت ئىدى. ھەر ھالدا يەڭگىسى-
نىڭ قاپىقىنىڭ تۇرۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلمى-
دى؟ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇ شەكلى ئۆزگەرگەن مالايغا ئايلىنىپ
قالغانىدى. ئىشقىلىپ، تاماق ئېتىش، يەڭگىسى بىلەن سىڭلى-
سىنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇشتىن باشقا ئۆينىڭ ھەممە ئىشى ئۇ-
نىڭغا قاراشلىق ئىدى. بىر ۋاخ تاماقنى ئازادە، خاتىرجەم يېيىش
ئۈچۈن ھەممىگە چىدىدى. مانا ئەمدىچۇ، قۇرۇق نان بىلەن قايناق
سۇ ئىچىسىمۇ ھەر ھالدا ئۆزى خان، ئۆزى بەگ، ھەممىدىن
خۇشاللىنارلىقى دەرس تەكرارلاشقا يېتەرلىك ۋاقىت بار، ئۇ
ئامال بار ھېلىقى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئويلىماسلىققا تىرىشاتتى.
ئويلايدىغىنى پەقەت ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىدى. تۇيۇقسىز دېرىزە
ئەينىكى بوش چېكىلدى.

— كىم؟

بىر پەستىن كېيىن قىزنىڭ بوش، لېكىن زىل ئاۋازى
ئاڭلاندى.

— مەن ئايشەم، سىزگە تاماق ئەكېلىۋىدىم.

ئايشەم ئىشىكتىن ئەيمىنىپ كىرىپ، گەپ - سۆز قىلماي
كونا پارتا ئۈستىگە داستىخاننى يايدى. بايا «تاماق» دېگەن بۇ
سۆز ئەزىزنىڭ قۇلىقىدىن كىرىپ، خېلى كۆڭلەردىن بۇيان ئىس-
سىق تاماق كۆرمىگەن ئاشقازانلىرىنى لۆمۈلدىتىۋەتكەن بولسا،
كۆز ئالدىدىكى ھورى ئۆرلەپ تۇرغان مانتىنىڭ گۆپۈلدەپ تۇرغان
مەززىلىك ھىدى ئۇنىڭ ئېغىزىغا ئىختىيارسىز سېرىقسۇ كەلتۈ-
رۈۋەتتى. شۇ پەيتتە ئاچلىق بىلەن تارتىنىش ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەت ئۇنى ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.
توۋا، مۇھتاجلىق، بولۇپمۇ ئاچلىق بەزىدە ئادەمنىڭ ھېسسىياتى-
دىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىكەن دېسە! ناۋادا ئۇنىڭمۇ ئاتا - ئانىسى،

ئىسسىق ئۆيى، يەپ ـ ئىچىدىغىنى بولۇپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولسىدى، بەلكى ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدىكى، يەنى باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ماۋۇ «ئاچچىق شاپتۇل» نىڭ قولىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كۆزىگە، لەۋلىرىگە، كىشىنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلىغۇدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئالمىدەك كۆكسىگە تىكىلگەن بولار ئىدى. لېكىن...

— قېنى، ئىسسىقىدا ئېلىڭ، ئاپام سىزگە قىسىنىپ...

ئەزىز كۆڭلىدىكىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇستاتلىق بىلەن گەپنى چاقچاققا بۇيرىدى.

— ئاپىڭىز ماڭا بۇ مەززىلىك تاماقنى قىسىنىپتىمۇ ياكى سىز؟

قىز «ۋىللىدە» قىزاردى ـ دە، كۈلۈۋەتتى.

— قېنى ئېلىڭ، ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن.

قىز ئۇنى تارتىنىپ قالمىسۇن دېدى بولغاي، دەرسلىك ماتېرىياللارنى رەتلىگەن بولۇۋالدى.

قىزنى رەسمىيەت، ئەدەپ يۈزىسىدىن بولسىمۇ تاماققا تەكلىپ قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئەزىز، ھەر ھالدا مانتىدىن بىرنەچچىنى بولسىمۇ ئاشۇرۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. راستىنى دېگەندە، يەنە بىرەر قاسقان ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. دېمەك، ئاچلىق ھېسسىيات ئۈستىدىن ھەقىقىي غەلىبە قىلغانىدى.

تاماقتىن كېيىن ئۇلار بىر دەم تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلاشقان بولدى، لېكىن ئىككىلىسىنىڭلا گەپ ـ سۆزلىرى ھېچ قولىشاي دېمەيتتى، ئەمما بىرىنىڭ ھە دەپلا كەتكۈسى، يەنە بىرىنىڭ دەرھاللا ئۈزىتىپ قويغۇسى يوق ئىدى...

ئەزىز قىزنى ئۆيگىچە ئاپىرىپ قويۇپ، ئۆز كۈلبىسىگە قايتىپ كەلدى ـ دە، ھېلىقى ئاشۇرۇپ قويغان بىرنەچچە تال مانتىنى ھەش ـ پەش دېگۈچە سوقۇۋەتتى ۋە سىركايىدىكى مۇزلاپ

قالغان قايناق سۇنى بىر كۆتۈرۈشىدە ئىچىۋېتىپ، قاتتىق بىر كېكىرىۋېتىپ، بوش كېرىلگىنىچە ئۆز ـ ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى.

«ئەجەب ئۇزۇن بوپتىكەن، مۇنداق جاراڭلىق كېكىرىپ باقمىغىلى.»

ئۇنىڭ ئەمدىلىكتە دەرس تەييارلىغۇسى زادىلا كەلمىدى، ئۇ يوتقانغا كىرىپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى، ئېنىقىنى دېگەندە ئۇنىڭ كاللىسىغا بايىقى قارا كۆز كىرىۋالغانىدى...

* *

ئايشەمنىڭ ئاتا جەمەتلىرى ئازادلىقتىن ئىلگىرى غۇلجىنىڭ يۇرت سوراپ ئۆتكەن چوڭ بايلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى چيۇ سىلىڭنىڭ[1] چىشىغا تېگىپ قويغانلىقىدىنمۇ ۋە ياكى ئەپيۇنـ كەش چيۇ سىلىڭ ئۇنىڭ بايلىقىغا كۆزى قىزىرىپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ «غېنى ئوغرىلار بىلەن ئالاقىسى بار» دېگەن باھانە بىلەن بىر كېچىدىلا ئەسلى ـ ۋەسلىدىن ئايرىلىپ، تۈرمىگە تاشلاندى ۋە ئازلا ئۆتمەي تۈرمىدە قازا قىلدى. كىچىككىدىن سازغا بەكرەك ئىشتىياق باغلىغان ئايشەمنىڭ دادىسى يارى مۇڭ باشقا بىتەلەي بايۋەچچىلەردەك ئۆزىنى بىراقلا تاشلىۋەتمىدى. ئۇ دائىم جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغان بىر توپ سازەندىلەر بىلەن نەدە توي، نەدە مەشرەپ بولسا شۇ يەردە ئىدى. ئاشۇ كۈنلەردىكى جېلىليۇزىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر قېتىملىق مەشرەپتە ئىناۋىتى بىردىنلا ئېشىپ، كىشىلەر نەزىرىدىكى «بىچارە بايۋەچچە» دىن بىراقلا سازەندىلەرنىڭ سەركىسىگە ئايلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇ تەمبۇرنى ياخشى چالاتتى. بارا ـ بارا «يارى مۇڭ» دېگەن

---

[1] چيۇ سىلىڭ — چيۇ جۇڭجۇن، ئەينى چاغدىكى ئىلى قوراللىق قىسىمنىڭ سىلىڭى، ئىلىنىڭ باش ۋالىيسى، يەنى شىڭ شىسەينىڭ قېيناتىسى.

لەقەم ئۇنىڭغا سىڭىپلا كەتتى. ھەر ھالدا چيۇ سىلىڭنىڭ نەزىرى-
دىن ساقىت قالغان دادىسىنىڭ ئاز - تولا مال - دۇنياسى بىلەن
ئۇنىڭ يەنىلا ھال - ئەھۋالى ياخشى ئىدى. شۇڭلاشقىمىكىن
ئايشەمنىڭ يۇرۇش - تۇرۇش، گەپ - سۆزلىرىگە ئىلى بايلىرى-
نىڭ ھاكاۋۇر قىزلىرىنىڭ مىجەز - خۇلقلىرى مۇجەسسەملەش-
كەن بولۇپ، باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى، بولۇپمۇ كىيى-
نىشكە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايتتى. ئۆزى چىرايلىقلا بولۇپ
قالماي، ھاكاۋۇر، لېكىن مىجەزىمۇ ئوچۇق، گەپدان بولۇپ،
«ئىچىمدىكىنى تاپ» دەپ تۇرۇۋالىدىغانلارنىڭ خىلىدىن ئەمەس
ئىدى. ئۇلار بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولدى، مەكتەپكىمۇ
تەڭ كىردى. باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى بۇ ھاكاۋۇر «قارا كۆز»
ئەزىزنى كۆرسىلا بوشاپ تەمتىرەپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي
قالاتتى ...

مەكتەپتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تېگى بار ئائىلىلەر-
نىڭ، زىيالىيلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولغاچقا، نامراتلارنىڭ بولۇپمۇ
ئەزىزدەك يېتىملارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيالىشىمۇ خېلى چوڭ ئىش
ئىدى. يىگىتلىك يېشىغا يېتىپ، بۇرۇتلىرى خەت تارتقۇچە بول-
غان ئارىلىقتا باشقىلار ئۇنىڭ پەقەت ئۆزى بىلەنلا سىردىشىپ،
ئائىلىدە بولسا ئۆي ئىشى، مەكتەپتە بولسا كىتاب بىلەنلا ھەپىلى-
شىپ يۇرگىنىنىلا بىلەتتى.

— مۇنۇ ئەقىلى قىسقىلارغا ئۇنىڭ جىنى چاپلاشتىمۇ
نېمە، — دەپ ئاچچىقلىناتتى ئوغۇل ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا قاراپ
ئالىيىپ.

— كۆڭلۈمنى قاچان چۈشىنەرسىز كىنتاڭ، — دەپ ئاچچىق
تولغىناتتى ئايشەم ئاخشاملىرى.

ئەزىز بولسا يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ يات جىنسلارغا
قىزىقىش، ئۇلارغا تەلپۈنۈشتىن ئىبارەت تەبىئىي تۇيغۇنىڭ
ئىسكەنجىسىدە تاتلىق خىياللارغا چۆمسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى باش-

قىلارغا سىلىشتۇرۇپ، ئىچىدە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قوياتتى. ئايشەمدىن بولسا ئامال بار ئۆزىنى قاچۇراتتى. لېكىن، قىزنىڭ كۆزلىرىدىن، سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ تۇراتتى، بۇگۈنچۇ؟ بۇگۈن ئۇ ئۇنىڭ ياردىمىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇنداقتا ئۇنىڭ كۆڭلىنىچۇ...

ئۇ باش - ئاخىرى يوق شۇ خىياللار بىلەن قاچانلاردىدۇر ئۇخلاپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى...

## 7

ئايشەمنىڭ تويى توغرىسىدىكى بۇ تۇيۇقسىز خەۋەر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئېغىزدىن ئېغىزغا، قۇلاقتىن قۇلاققا يېتىپ مەھەللىدىكى بولۇپمۇ مەكتەپتىكى ئايشەمگە قانات سۆرەپ يۈرگەن يىگىتلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى...

— قاراپ تۇرۇپ ئۆزىدىن نەچچە ياش چوڭ بىرى بىلەن ھە...

— دادىسى مەجبۇرلاپ تۇرۇۋاپتىمىش...

ئارىدىن بىرى ئەزىزگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ئۇنى گەپتە چېقىۋالغانمۇ بولدى.

— گەپ ئۆيدىكىلەردە ئەمەس، ساۋاقدىشىمىزدا، ئالدىراپ كەتكەن گەپ، قانداق دېدىم، ئەزىز؟

ئادەتتىكى چاغلاردا قىز بىلەن ئانچە كارى بولمىغاندەك بولۇۋېلىپ، بىچارە قىزنى ئازابلاپ يۈرۈش بەدىلىگە باشقىلار ئالدىدا ئاز - تولا مەغرۇرلىنىپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى خۇش ئېتىپ يۈرگەن ئەزىزنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى ئۇنىڭغا تارتىشاتتىيۇ، لېكىن ھېچكىمگە چاندۇرغۇسى كەلمەيتتى، قىز ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭغا تاماق ئەكەلگەن شۇ ئاخشىمى ئەزىز ئۇنى ئۇزىتىپ كېتىۋېتىپ يېرىم يولغا بارغاندا ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋالدى،

لېكىن خېلى كۆنلەرگىچە قىزغا تىكىلىپ قارىيالمىدى، قىزمۇ شۇنىڭدىن بۇيان كەم سۆز، خىيالچان بولۇپ قالغانىدى.

مانا ئەمدى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان بۇ شۇم خەۋەر ئەزىزنىڭ يۈرىكىنى ئاچچىق مۇجۇشقا باشلىدى...

ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى ئۇلار يوشۇرۇن ئۇچراشتى.

— دادام مېنى قاراپ تۇرۇپ گۆرگە ئىتتىرىۋاتىدۇ، ئاپامنىڭ گېپى دادام ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى، ئەمدى مەن قانداق قىلاي، ئەزىز؟

ئەزىز قىزنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، ئامالسىزلىق ئىلكىدە ئاستا يانغا قارىۋالدى، چۈنكى بۇنداق چاغدىكى تەسەللى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى، نەسىھەت قىلىش قىزنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىش بىلەن باراۋەر ئىدى.

ئۇنداقتا قىزغا قانداق يول كۆرسىتىش، ئۇنىڭغا زادى قانداق ياردەم قىلىش، ئەقەللىيسى شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە قىزغا زادى نېمە دېيىش كېرەك؟

قىزنىڭ ھەسرەتلىك ئىشلىرىدىن ئەزىزنىڭ يۈرىكى ئاغرىيتتى، ئۆزىنى تولىمۇ ئەقىلسىز، بىچارە ھېس قىلاتتى.

— ئايشەم، مەن، مەن...

— ھازىر مەن ئۈچۈن پەقەت ئىككىلا يول بار. بىرى، سىز بىلەن يىراقلارغا قېچىپ كېتىش، بۇ سىزگە باغلىق، يەنە بىرى، ئۆلۈپلا قۇتۇلۇش، بۇمۇ سىزگە باغلىق...

قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئەزىزنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ، پۇت - قوللىرى تىترەپ كەتتى.

مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە باشقىلارنىڭ ساخاۋىتى، ھىمايىسى، تاپا - تەنىسى بىلەن ياشاپ، بىرەر ئىش ئۈستىدە ئېسىدە قالغۇدەك بىرەر قېتىممۇ قارار چىقىرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ باقمىغان بىر يېتىم ئۈچۈن، قاراپ تۇرۇپ بىر قىزنى ئېلىپ قېچىش غايەت زور تەۋەككۇلچىلىك، ئاجايىپ بىر قورقۇنچلۇق

ئىش ئىدى...

تەپەككۇرى قالايمىقانلىشىپ، پۇت - قوللىرىدا جان قالمى-غان ئەزىز يەرگە زوڭلا ئولتۇرۇپ قالدى.

— خەير، بوپتۇ، ئەزىز، مەنمۇ بۇ توينى ئاپامنىڭ هاياتى بەدىلىگە قىلىۋاتىمەن، مەنمۇ سىزنى زورلىماي، ھەممىنى ئۆز پېشانەمدىن كۆرەي، لېكىن ئالدىراپ توي قىلىۋالماڭ. مەن سىزنى كېيىن چوقۇم ئىزدەيمەن، مېنى ساقلاڭ.

دەرەخ شاخلىرى ئايدىڭ كېچىنىڭ سالقىن شامىلىدا بىر خىل يېقىملىق شىلدىرلايتتى...

قىز بىر پەس جىمىپ كەتتى ۋە ئاستا پىچىرلىدى:

— ئەگەر خالىسىڭىزلا مەن سىز بىلەن...

شۇئان ئۇلارنىڭ يېنىدىن قەستەن شەپە بېرىپ ئۆتۈپ كەت-كەن نامەلۇم بىر گەۋدە ئون قەدەمچە يەرگە بېرىپ تاماكىسىغا ئوت ياقتى.

— ئايشەم، تېز، تېز ئۆيگە قايتىڭ. ئەتە مەن سىزنى مۇشۇ يەردە ساقلايمەن.

*    *

ئەزىز ھاياتىدا تۇنجى مۇھەببەتنى ئويغاتقان ھېلىقى قارا كۆزنىڭ ئىسمىنى، خۇددى چۈشتەك تولىمۇ قىسقا شۇ چاغلارنى ئۆز قەلب دەپتىرىنىڭ ئەڭ مەخپىي دەپ بىلگەن بەتلىرىگە يېزىپ قويدى. ئۇ توي قىلدى. ئۇ ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ دەپ قارىغان مەھبۇب چىرايلىقلا بولۇپ قالماي، ئاق كۆڭۈل، تولىمۇ مۇلايىم قىز بولۇپ، 12 - روتىنىڭ سېستراسى ئىدى. ئۇ بەختلىك ئىدى، ئۇ ئۆز بەختىنى ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يۇرتىدىن ئەمەس باشقا يۇرتتىن تاپتى. دېمەك، تەقدىر ئۇنىڭ ھايات نىشانىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى...

ھېلىقى يەڭگىسى بىلەن «ئىچ كۆيئوغۇل» نىڭ «ئۆز نەۋرە سىڭلىسىغا نىيىتىنى بۇزغان، ئۆز ئۆيىمىزدىن نەرسە ـ كېرەك ئوغرىلىغان...» دېگەندەك بەتناملىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىدىن رايى بىراقلا قايتىپ كەتكەنىدى. ئەزىز بىرنەچچە كۈن ئۇدا سوراق قىلىندى، قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇلماقچىمۇ بولدى. لېكىن، ئۇ زادىلا باش ئەگمىدى، باش ئەگمىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ بەتناملىرىنى زادىلا ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇ ئاخىر راست سۆزلەپ هاردى، يېلىندى، يالۋۇردى، مەرھۇم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچتى. ئاللانىڭ نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ ئۆزىنى ئاقلىدى، لېكىن ئۇنىڭ راست سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىيدىغان بىرمۇ كىشى چىقمىدى. بولۇپمۇ نەۋرە سىڭلىسىنىڭ نومۇسىغا تەگمەكچى بولغان دېگەن بۇ تۆھمەت ھەش ـ پەش دېگۈچە ئەتراپقا بىر كېلىپ ئۇنىڭ نامى پۈتۈنلەي بۇلغىنىپ كەتكەنىدى...

— مۇنۇ يېتىمەكنى كېيىنچە خېلى بىر ئادەم بولىدۇ دەپ يۈرسەك ئەسلىي بىر ھايۋان ئىكەنغۇ بۇ نجىس.

— جىمىغۇر جىم ياتماپتۇ دېگەندەك ئىش بولدى ـ دە، مانا.

— بەلكىم ئۇ ئايشەمنىمۇ بوش قويمىدى جۇما، — دەپ كۆزلىرىنى قىسىشاتتى ھېلىقى دەردتە قالغان بەزىلەر تاماقلىرىنى چىكىلدىتىپ.

ھەر ھالدا تەشكىلىنىڭ، مەكتەپنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئىشلار ئاز ـ تولا ئايدىڭلاشقان بولدى.

ئۇنىڭ ئەتراپتىكىلەردىن كۆڭلى ئاغرىغان، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن كۆڭلى قالغان، نازۇك دىلى ئازار يېگەن، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغانىدى، ئاخىر ئۇ شۇنداقلا كېلىپ قالغان بىر پۇرسەت بىلەن ئاق كۆڭۈل ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياردىمىدە ئۆزى خالاپ باشقا بىر يۇرتقا ئاتلاندى، دېمەك، تەقدىر ئاخىر بېرىپ ئۇنى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىپ مانا مۇشۇ كۆكدالاغا ئەكېلىپ تاشلىغا-

نىدى...

ئۇ زېرىككەنلەردە خىيال بەتلىرىنى ۋاراقلاپ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قوياتتى، موھتاجلىقتا ئۆت-كەن گۆدەك چاغلىرىنى، مەرھۇم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يىراقتا قالغان تۇپراق بېشىنى ئويلاپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياشلار ئالاتتى...

## 8

ھاياتتا نۇرغۇن ئىشلار، نۇرغۇن نەرسىلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈ-شىگە ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا غۇۋالىشىپ بارىدۇ، ئاخىر بېرىپ ئۇنتۇلىدۇ، لېكىن شۇنداقمۇ ئىشلار بولىدۇكى، ئۇ شۇ ئىنسان-نىڭ ئۆمۈرلۈك ئارمىنى، ھەسرىتى، ئۇنتۇلماس ئەسلىمىسى بولۇپ قالىدۇ...

ئەزىزنىڭ چاچلىرى ئۇچتەك ئاقاردى، قەددى ئېگىلدى، زارىقىپ كۈتۈش، ئازابلىق ئەسلەش، ئوتتەك سېغىنىش ئۇنىڭ بارلىقى، تەسۋىرلەنگۈسىز تەنھالىق ئۇنىڭ ھاياتى ئىدى...

ئۇنىڭ چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرغان كۆزلى-رى ھەممە نەرسىگە گۇمان بىلەن تىكىلەتتى، ئۇنى ئاز دەپ ھېلىقى ئاپەتلىك يىللاردا ئۇمۇ باشقا نۇرغۇنلىغان بىتەلەي كىشى-لەرگە ئوخشاش خىيالمۇ قىلىپ باقمىغان بەتنام، تىل ـ دەشنام-لارغا ئۇچراپ ھاياتتىن بەزدى. نەچچە ـ نەچچە قېتىملاپ ئۆلۈۋې-لىپلا بۇ ئاخىرىسى يوق قايغۇ ـ ئازاب دەرد ـ ئەلەملەردىن بىراقلا قۇتۇلماقچىمۇ بولدى، لېكىن ئۇنىڭدىكى مەسۇم بىر ئۈمىد ئۇنى ئاخىرىغىچە كۈتۈشكە، چىداپ تۇرۇپ ياشاشقا ئۈندەيتتى، ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، ئايالى بىلەن قىزى چوقۇم بىر كۈنى قايتىپ كېلەتتى، ئۇلار تۇرمۇشنى قايتا باشلايتتى، بارلىق ئىش-لار شۇنىڭ بىلەن گويا بىر قاباھەتلىك چۈشتەك ئاخىرلىشاتتى.

بولۇپمۇ يېقىندىن بۇيان ئۇياق بىلەن بولغان خەت ـ ئالاقە ئىشلى-
رى خېلىلا راۋانلىشىپ، ھەر ھالدا ئىشلار ئوڭغا تارتىۋاتاتتى.
نۇرغۇنلىغان كىشىلەر شۇ قېتىملىق «قاچ ـ قاچ»تا چېگرىنىڭ
ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەر-
لىرى بىلەن تېپىشىپ، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرى بىلەن ئالاقىلى-
شىپ، ئۇنىمۇ ھەقىقەتەن ئۇمىدلەندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇمۇ مۇنا-
سىۋەتلىك ئورۇنلارنى توختىماي ئىزدىدى. خەت يېزىشقا تېگىش-
لىك دەپ ئادرېسنى ئىگىلىگەن ھەربىر ئادەمگە توختىماي خەت
يازاتتى، كۇندە دېگۈدەك بىرنەچچە قېتىم روتا شتابىغا چاپاتتى،
لېكىن ھەر قېتىم شتات ئالاقىچىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ لاسىدە
بولۇپ قالاتتى، ئەگەر بىرەر ئۆيگە ئۇ تەرەپتىن خەت ياكى پوسۇل-
كا كەلگەن بولسا، ئۇ شۇ ئۆينىڭ ئىشكى ئالدىدىن خۇددى
دادىسىدىن ھېيتلىق ئالالمىغان كىچىك بالىـــدەك چۆرگــىلەپ
كېتەلمەيلا قالاتتى...

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىنىڭ ئالدى بى-
رەردىن، كەينى ئىككى ـ ئۈچتىن نەۋرىلىكمۇ بولۇپ قالدى،
ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەزىز ئەمدىلىكتە تونۇش بولغان ناتونۇشقا
ئايلىنىپ بولغانىدى. ياشلارنىڭ بولۇپمۇ كىچىكلەرنىڭ تەسەۋۋۇ-
رىدا بۇ ئاق چاچلىق بوۋاي ئەزەلدىنلا شۇنداق تەنھا، ئۇنىڭ
ئۈستىگە يارىلىشىدىنلا گاس ـ گاچا، لېكىن تولىمۇ سېخىي بىر
بوۋاي ئىدى. ئۇلار بوۋايدىن ئەمەس ئۇنىڭ ئىتىنىڭ سۇرىدىن
قورقاتتى. ئىشقىلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى بوۋاي بىلەن تولىمۇ
يېقىن دوستتەك خىيال قىلاتتى. ئۇ يوق چاغلاردا «ئەۋزە قېرى»
دەپ سۆز باشلايدىغان مەنمەن دېگەن شوخ باللىرمۇ ئۇنى يىراق-
تىنلا كۆرسە «ئەۋزە بوۋا، ئەۋزە بوۋاي كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئولتۇ-
رالمايلا قالاتتى. ئۇ ئۆزىگە شۇنچە ئازابلارنى ئەكەلگەن ئىسمىنىڭ
قاچانلاردىن بېرى «ئەۋزە»گە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئەسلىيەل-
مەيتتى، لېكىن شۇنداق چاقىرىشلاردىن خاپا بولۇپمۇ كەتمەيتتى،

چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىسمىغا ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى.

*　　　*

كەم سۆز، لېكىن ئاپىغى چاققان بۇ يىگىت باشتا پولك تەشۋىقات ئىشخانىسىنىڭ ئالاقىچىسى بولدى. كېيىنچە خېتىنىڭ چىرايلىقلىقى، قەلىمىنىڭ ئىتتىكلىكى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، كاتىپلىققا تەيىنلەندى. خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن تۆۋەنلەرگە چۈشۈپ يۈرۈپ تەڭ دېمەتلىكلەر بىلەن تونۇشتى. 12 - روتىنىڭ سېستراسى سائادەت بىلەنمۇ شۇ جەريانلاردا تونۇشۇپ قالدى. ئۇ باشتا ئۇنىڭغا تازا دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىدى. چۈنكى ئۇ سائادەتنىڭ دائىم ئاق بۆك، ئاق خالات كىيىپ ئاق ماسكا تاقاپ يۈرگىنىنىلا كۆرەتتى. باشقا روتىلاردىكى بىرەر يىگىتنىڭ قارىسىنى كۆردىمۇ بولدى يالغان يۆتىلىپ، ئېڭىشىپ چىقىپ كېتىدىغان سېسترالارنى ئۇ كۆپ كۆرگەنىدى، لېكىن بۈگۈن…

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەزىز مەلۇم بىر ئىش سەۋەبى بىلەن 12 - روتا مەھەللىسىگە ئەمدىلا كىرىپ كېلىشىگە بىر كىچىك بالا ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ئاكا، ئاكا، لەگلىكىم ئاۋۇ دەرەخكە ئىلىنىپ قالدى، ئېلىپ بېرىڭە…

ئەزىز ئۇنىڭ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، يېقىملىق كۈلۈپ قويدى.

— ئەنسىرىمە، ئۇكام، ھازىرلا ئېلىپ بېرىمەن.

ئەزىز بىر ھازا ئېيتىشىپ مىڭ تەستە لەگلەكنى ئەچۈشتى، لېكىن پۈتۈن ئەس - يادى لەگلەك بىلەن بولۇپ كېتىپ بىلىكىنىڭ سۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمىدى.

ئەزىزنىڭ بىلىكىگە دورا سۈرتۈۋاتقان سېسترا بۈگۈن ماسكا

تاقىمىغانىدى، سىستىرانىڭ كۆزلىرى كۆلۈپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ بارماقلىرى ئەزىزنىڭ بىلىكىگە ھەر بىر قېتىم تەگكەندە ئەزىز-نىڭ يۈرىكى بىر قېتىم تىپچەكلەيتتى...

— سۇرۇلگەن تېرىلەر قېتىشقاندا ھەرگىز ئالدىراپ سويۇ-ۋەتمەڭ، ئاز - تولا ئىسپىرت سۇرۇپ بەرسىڭىزلا بىرنەچچە كۈنگە قالماي ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئەزىز ئۇنى - بۇنى باھانە قىلىپ ئەتىسىمۇ كەلدى، ئۆگۈنى-مۇ كەلدى، قېتىشمىغان تېرىنى قەستەن سويۇۋېتىپ، سىسترا-دىن دەككىسىنىمۇ يېگەن بولدى. ئۇ سائادەت بىلەن ئەنە شۇنداق تونۇشتى...

— ئىشنىڭ جەريانى مانا مۇشۇ، — دېدى ئەزىز بىر كۈنى ئاسىم بىلەن تۆتىنچى شارقىراتمىغا چۆمۈلگىلى بېرىپ دوستىغا ئۆزىنىڭ ئىچ - سىرىنى تۆكۈپ، — يا كېچىسى ئۇيقۇم كەلمەي-دۇ، يا گېلىمدىن غىزا ئۆتمەيدۇ.

ئاسىمنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدىيۇ، لېكىن چاندۇرمىدى.

— يۈرىكىگە ئوت چۈشكەن ئادەم ساڭا ئوخشاش ئۇتتۇرۇۋەت-كەن قىمارۋازدەك سالپىيىپ يۈرمەيدۇ. نېمە بولدىكىن بۇ ئاداشقا دەپ ئەنسىرەپ يۈرسەم، كۆيۈك ئوتىدا پۇچىلىنىپ يۈرۈپسەن -دە ئەسلي.

ئەزىز خىجىل ئارىلاش بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئەزىزنىڭ ئۇنى بۇگۈن ئاتايىتەن بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ قەلبىدىكى سىرىنى ئاشكارىلىشىدا مەقسىتى بار ئىدى. ئۇ دوستىدىن ياردەم سوراپ گەپنى زادى نەدىن باشلاش توغرىسىدا كۆپ ئويلاندى، ئاخىر گەپنى ئۇدۇللا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتىيۇ، لېكىن يەنە ئىككىلە-نىپ قالدى، چۈنكى غۇلجا يىگىتلىرى خېلى - خېلى ئىشلاردا، بولۇپمۇ قىز كەلتۈرۈشتە جان چىقىپ كەتسىمۇ باشقىلاردىن يار-دەم تەلەپ قىلمايتتى، ياردەم تەلەپ قىلىشنى نومۇس دەپ بىلەت-

تى. دېمەك، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى نوچىلىق بىلەن پوچىلىق شۇنچىلىك گەۋدىلىك ئىكەنكى، ئاتتىن چۈشكەن ھالەتتىمۇ ئۇ-زەڭگىدىن زادىلا چۈشكۈسى كەلمەيتتى...
ئەزىز بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆزىنى سۇغا ئاتتى. ئاسمىنىڭ دوستىنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن خېلى خەۋىرى بار ئىدى. دىلى سۇنۇق بۇ ياقا يۇرتلۇق بىتەلەي دوستىغا ھېسداشلىق قىلاتتى، ئۇنىڭغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشنى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ئويلايتتى. مانا بۈگۈن ئۇ-نىڭ دوستى ئۇنىڭغا قەلبىدىكى سىرلىرىنى تۆكتى، گېپىنىڭ ئورامى، روھىي ھالىتىدىن قارىغاندا، ئۆزىدىن مەسلىھەت ئال-ماقچى بولغانلىقى، بولۇپمۇ ياردەم تەلەپ قىلماقچى بولغانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى، لېكىن ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭ غۇرۇرى يول قويمايۋاتقاندەك قىلاتتى...
بىر قېتىملىق ئوغلاق تارتىشىشتا ئۇنىسىز ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ ئالدىدا نوچىلىقىنى كۆز - كۆز قىلىمەن دەپ ئاتتىن يىقىلىپ، چىمچىلاق بارمىقىدىن ئايرىلىپ، چولاق ئاتىلىپ قال-غان ئاسمىنىڭ دوستىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگۈچىلىكى بار ئى-دى. لېكىن ئۆزىنىڭ ئۇنسىز ياخشى كۆرگەن تۇنجى سۆيگۈنى دەل دوستى ئەزىزنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ، كېچىلەپ يۇلتۇز ساناتقان سېسترا قىز سائادەت بولۇپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەل-تۈرۈپ باقمىغانىدى...
«ئاسىم ئوغلاق» دېسە مەنمەن دېگەن ئۇستا ئوغلاقچىلارمۇ ئۇنىڭغا قول قوياتتى. ئەمدى ئۇ كوتۇلمىگەندە «ئاسىم چولاق» قا ئايلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ سائادەتنىڭ ئالدىدا ئاتتىن يىقىلىپ مات بولدى. شۇ كۈنى ئۇ قاتتىق ئاغرىققا چىدىدىيۇ، لېكىن ئاچچىق ئازابقا زادىلا چىدىمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوغلاق تارتىشىشتىن قولىنى ئۈزدى، ئېنىقىنى دېگەندە سائادەتتىن ئۈ-مىدىنى ئۈزگەنىدى...

ئەنە شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ قەلبىدىكى يوشۇرۇن سۆيگۈ پەقەت ئۇنىڭ بىر مەزگىللىك گۈزەل ئارمىنىغا ئايلىنىپ، ئەس-لىمىلەر قوينىغا ئاستا - ئاستا سىڭىپ، بارا - بارا غۇۋالىشىپ كەتتى، لېكىن دوختۇرخانا ۋە ياكى دوختۇر - سېستراغا ئائىت بىرەر سۆزنى ئاڭلاپ قالسىلا ئىختىيارسىز يۈرىكى ئېغىپ، جىمىپلا كېتەتتى...

بۈگۈن يېقىن دوستىنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئىختىيارسىز يۈرىكى «جىغغىدە» قىلدى، لېكىن ئۇ قەلبىدىكى بىردەمچىلىك ھاياجىنىنى زادىلا چاندۇرمىدى. ئۇ باشتا ھېلىقى نەس باسقان قولىغا، ئاندىن سۇدا غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئەزىزگە قاراپ، ئۆز - ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى:

«سائادەتنىڭ بەختى ئۇچۇن بولسىمۇ قولۇم كۆكسۈمدە دوستۇم، پەقەت سەن ئۇنى بەختلىك قىلالىساڭلا...»

## 9

ئەزىزگە ھەممىدىن كۈلكىلىك بولۇپ تۇيۇلغىنى، ياق، ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك ھار كەلگىنى مۇشۇ بىر جۈملە سۆز ئىدى.

«ئالدى بىلەن بالا - چاقاڭنى قاچۇرۇۋېتىپ، تەشكىلنىڭ كۆزىنى بويىغانلىقىڭ راستمۇ؟ ئەگەر چەت ئەلگە قېچىش نىيىتىڭ بولمىسا ئۇنداقتا نېمىدەپ ئۆگىنىش كۇرسىدىن قاچتىڭ. نېمە مەقسەت بىلەن چېگرىنى قالايمىقان قىلغانلىقىڭنى ئىقرار قىل...»

ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان، ھېسداشلىق قىلغانلارمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغانىدى. ئېغىر ئەمگەك، باش - ئاخىرى يوق تۈگىمەس سوراق ۋە تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىقرار قىلدۇرۇشلار ئۇنى ھاياتتىن تەزدۇرۇۋەتتى. پەقەت ئۇنىڭ

تارتىشىدىغىنى يىراقتىكى ئايالى، ئوماق قىزى ئىدى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ بارلىق دەرد ـ ئەلەم، قىيىن ـ قىستاقلارغا چىدىدى. ئۇ باشتا ئۆزىنى تۇرلۇك پاكىتلار بىلەن ئاقلاپ باقتى، لېكىن ئۇنىڭ ھەسرىتىنى، ئازابىنى چۈشىنىدىغان بىرەر قەلب ئىگىسى، ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلىمىنى ئاڭلايدىغان بىرەر يېقىن كىشىسى چىقمىدى. بار دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار مۇشۇ ئەنسىز كۈنلەردە ئۆزىگە ئارتۇقچە سورۇقچىلىق تېپىۋېلىشتىن ئەنسى-رەيتتى، خالاس.

ھەقنى ياقلاپ كۆكرەك كېرىپ چىققان ئاسىم چولاقمۇ بىر-نەچچە ئاي ئىلگىرى، روتا خامىنىنىڭ كونا ئىسكىلاتىغا ئوغرى-لىققا چۈشكەن دېگەن بەتنام بىلەن تارتىپ چىقىرىلدى. ئىچى كۈچلۈك ئاسىم ئاخىر ئاھانەتكە چىدىماي روتا ئىنقىلابىي كومى-تېتىنىڭ بىر غوللۇق خادىمىنى بىر كاللا قويۇپ، ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن، جازالىنىشقا تاپشۇرۇپ بېرىل-دى، ئەزىز بۇ بىر تۈركۈم قاۋانلارنى گەپ ئارقىلىق قايىل قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ھەممىگە سۇ-كۈت قىلىپ تۇرۇۋالىدىغان ياكى گەپ سورىسا ھەرىكەت بىلەن جاۋاب بېرىپ باشقىلارنى كۈلدۈرۈپ، سوراقنىڭمۇ پەيزىسىنى ئۇچۇرۇۋېتىدىغان، ساراڭ دېسە ساراڭ ئەمەس، ئوڭ دېسە ئوڭ ئەمەس غەيرىيلا بىر ئىنسانغا ئايلىنىۋالغانىدى. ئەزىز ئاخىر بۇنىڭ ئۇنۇمىنى كۆرۈپ، بېشى ھەر ھالدا ھېلىقىدەك چوڭ ـ كىچىك قالپاقلاردىن قۇتۇلغانمۇ بولدى، لېكىن ئىشنىڭ ئېغىرى يەنىلا ئەزىز قاتارلىق ئاشۇ بىرنەچچە بىچارىلەرنىڭ زىممىسىدە ئىدى.

*　　　　　*

كۆكدالىنىڭ ئادەملىرى ئاجايىپلا ئۆزگىچە بىر خەق. ئەمە-لىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئارمىيىدە مۇنتىزىم تەربىيە كۆر-

گەن، لېكىن قىزىققان، ئويۇن - تاماشا دېسە جېنىنى بېرىدىغان ياشلاردىن بولۇپ، يەنە بەزىلىرى تەشكىللىك ئەۋەتىلگەن زىيالىي-لار، ئېھتىياج تۇپەيلىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قال-غان ھۈنەرۋەن، ئېلىپساتارلار، قىسمەنلىرى بولسا ھەقىقەتكە قايتقان گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرى بولۇپ، كېلىپ چىقىشى ئەنە شۇنداق ھەر خىل، ھەر يەردىن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يېڭى زېمىن-نى ئېچىش داۋامىدا ئۇلارنىڭ تەقدىرى بىر - بىرىگە ئىختىيار-سىز ھالدا چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنىدى...

ئەنە شۇ ياشلار ئۇچۇن ئېتىز - قىرلارمۇ خۇددى بىر مەش-رەپ سورۇنى، كوچا - دوقمۇشلاردىمۇ كۇلكە - چاقچاق، ھەتتا ئۇلار ئىش ئارىلىقىدىكى پۇرسەتلىرىنى ھەرگىز قولدىن بەرگۇسى كەلمەيدۇ. تانسا - ئۇسسۇل، ناخشا - ساز ئۇلارنىڭ جېنى! ھاياتىنىڭ ئوزۇقى...

— بولدى قىلىڭە، قۇۋان بەنجاڭ، يەنە ئازراق ئويناۋالىلى، ئەتىگىمۇ ئازراق ئىش قالسۇن.

— تېز بول، گۇلىخان، قۇۋان بەنجاڭ بۇ دەم ئېلىشنى بىزدەك بويتاقلارغا ئويناۋالسۇن، سىلەردەك چوكانلارغا بالىسى-نى ئېمىتىۋالسۇن دەپ بەرگەن، قارا، يېلىنلىرىڭنىڭ چىڭقى-لىپ كەتكىنىنى...

— ۋەيت! ...

مانا بۇ ئۇلارنىڭ بىر كۈندىلىك ھايات خۇشاللىقى، قايغۇسى...

بۇنداق پەيتلەر بولۇپمۇ بويتاقلار ئۇچۇن ئاجايىپ ياخشى بىر پۇرسەت. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئىش - ئەمگەكتە، ئېتىز - قىرلار-دا، تانسا - ئۇسسۇل سورۇنلاردا تونۇشۇپ سىرداشىدۇ، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشۈپ تېپىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تويى مەيلى مەھەللە ۋە ياكى ئېتىز - قىرلاردا بولسۇن ئوخشاشلا قىزىۋېرىدۇ...

ئەزىز بىلەن سائادەتنىڭ تويىمۇ ئەنە شۇنداق كۇنلەرنىڭ

بىرىدە ئاددىي، لېكىن ئىنتايىن مەنىلىك ئۆتتى...

بۇ توي ئۆز نۆۋىتىدە يەنە 12 ـ روتا بىلەن باشقا روتىلارنى تۇتاشتۇرىدىغان «مەسلىھەت كۆۋرۈكى» نىڭ پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى تويى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزۈلگەچكە، تويىنىڭ كۆلىمى ۋە كەيپىياتى ئىلگىرىكىدىكى خېلى - خېلى تويلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. تويغا 64 ـ پولك رەھبەرلىرى، قوشنا روتىلاردىن بولۇپ نۇرغۇن مېھمان تەكلىپ قىلىندى. تەشكىللىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن بۇ تويغا ياشلارنىڭ دىلكەش دوستى تۇرپانلىق قېيۇم نۇر ۋە ئايالى، يەنى روتا ئايالار مەسئۇلى رىسالەت ئەمەتلەر باش بولدى. مامۇت داپ، ئىبراھىم ئاككوردىيون، سادىقەم دۇتار ۋە ماھىنۇر قاتارلىق ياش سەنئەتكارلار تويىنى يەنە بىر بالداق ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋەتتى...

قوش تويىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئاخىرىدا ئوغلاق تارتىشىش ئۇيۇشتۇرۇلدى. دوستىنىڭ بەختى ئۈچۈن بىر نەچچە كۈندىن بۇيان پايپېتەك بولۇپ چارچىغان ئاسىم چولاق، ئوغلاقنىڭ گېپىدىنى ئاڭلاپ پۇت - قولى قىچىشىپ تۇرالمايلا قالدى ۋە ئىلگىرىكى بىر نەچچە قازاق چۆپقەتلىرى بىلەن بىر مەھەل كۇسۇرلىشىۋالغاندىن كېيىن، توي بېشى قېيۇم نۇرنىڭ كۆكدالا بويىچە داڭلىق تورۇق ئېتىنى سورىدى.

— ئاتنىڭ قانداقلىقى ساڭىلا ئەمەس ھەممىگە ئايان. ئەگەر ھەقىقەتەن ئىشەنچىڭ بولسا ئات سەندىن ئايلانسۇن، لېكىن ئاتنىڭ شەنىگە ھەرگىز داغ چۈشۈرۈپ قويما ماقۇلمۇ.

بۈگۈنكى ئوغلاق تارتىشىشقا قاتناشقانلارمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيدان كەيپىياتىمۇ ئىنتايىن سۈرلۈك ئىدى. بىر ئورۇندا چاپچىپ تۇرالمايۋاتقان، ئوغلاق تارتىشىشقا كۆنگەن ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ - توزانلار ئەتراپنى بىر ئالغان، ھەممىنىڭ كۆزى توي بېشى قېيۇم نۇرنىڭ قولىدىكى سوغا چۆكتۈرۈلگەن باشسىز ئوغلاقتا ئىدى.

ئوغلاق ئۆزى قائىدە ـ تەرتىپى بىلەن تاشلىنىشى ھامان ئاتلىقلار توپى قولاقنى يارغۇدەك قىيقاس ـ چۇقان بىلەن تەڭ تەۋرەپ كەتتى، ئوغلاق قولدىن ـ قولغا ئۆتەتتى، ئۇياقتىن ـ بۇياققا تاشلىناتتى. ئاخىر كىمدۇر بىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، چۆپقىتى تاشلاپ بەرگەن ئوغلاقنى قوش قوللاپ تۇتۇۋالدى ـ دە، تېزلىك بىلەن تېقىمىغا باستۇرغىنىچە ئېچىلىپ قالغان بوشلۇقنى يېرىپ ئۆتۈپ، جەنۇب تامان ئات سالدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئاتلىقلار توپى كۆزدىن غايىب بولدى.

ۋاقىت ئىنتايىن ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى، ئارىدىن بىرى چاق-چاق باشلىدى.

— قېيۇمكا، تورۇقۇڭنىغۇ چولىقىڭدا دەيلى، ئۇنداقتا ھا-زىر ئوغلىقىڭچۇ؟

— ۋەيت! ...

— تورۇقۇم ئەردە، چولىقىم تەردە، ئوغلىقىم چولىقىمنىڭ تېقىمىدا، سەن ھازىر خوتۇنۇڭنىڭ بىقىنىدا.

— ۋەيت! ...

— ئاڭلاۋاتامسىلەر، خالايىق، دۇپۇرلەۋاتقان ئاتنىڭ تۇيىقى ئەمەس، بىزنىڭ ئەزىزنىڭ يۈرىكى جۇما.

— ۋەيت!

— راست دەيسەن، يۈرىكى چوڭىنىڭ ئەنە شۇنداق سوقىدۇ، ساڭا ئوخشاش قورقۇنچاقلارنىڭ بولسا خوتۇنىنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇمۇرىدا ئاقىدۇ.

— ۋەيت! ...

ئاڭغىچە ئاتلىقلارنىڭمۇ قارىسى كۆرۈندى.

— ئەنە، ئەنە، ئالدىدا كېلىۋاتقىنى ئاسىم چولاقتەك قىلا-دۇ نېمە؟

— ياق، ئاسىم ئوغلاق دېگىن، ئاسىم ئوغلاق!

— بۈگۈن ئاسىم چولاقنى ئاسىم ئوغلاق قىلغان قېيۇم

نۇرنىڭ تورۇق ئېتى.

— ئىشقىلىپ، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ بىر ئەزىمەت ـ دە، ئەزىمەت.

ئاسىم ئالقىش ۋە تەنتەنە ئىلىكىدە ئوغلاقنى بەلگىلەنگەن جايغا ئەكېلىپ تاشلىدى ۋە ئەزىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، ئاستا پىچىرلىدى:

— بەختلىك بولغىن دوستۇم، بەختلىك بولۇڭ سائادەت! — ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئارقىغا بۇرۇلۇش بىلەن تەڭ ئىككى تامچە ياش تۆۋەن تامان ئاستا سىرغىپ چۈشتى...

## 10

ئاھ چۈش! مەن مۇشۇ كۈنلەردە ساڭا نەقەدەر ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمنى تىلىم بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ھەقىقەتەن ئاجىزلىق قىلىمەن، چۈنكى سەن ماڭا سۆيۈملۈك ئايالىم، ئۇماق قىزىم بىلەن دىدارلىششقا، سىردىششقا ئىمكان بېرەلەيسەن. مېنى ئۇيقۇ ھالىتىدىمۇ ئۇلار بىلەن ئۇچراشتۇرالايسەن. مەن كۈندۈزلىرى خىياللىرىم، ئەسلىمىلىرىم بىلەنلا ئۆزۈمنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىمنى، شۇنداقلا سەن ئارقىلىقلا ئۆزۈمنىڭ تەنھا ئەمەسلىكىمنى ھېس قىلالايمەن، ئۆزۈمگە تەسكىن تاپالايمەن. بىر كۈنلۈك ھارغىنلىقلىرىم مېنى چەكسىز خىياللار ئىلكىدىن، ئەسلىمىلەر قوينىدىن تارتىۋېلىپ، ئۇيقۇ ئالىمىگە ئۇزاتقاندا، مەن يەنىلا سېنىڭ قوينۇڭدا ئويغىنىشنى ئويلايمەن، چۈنكى مەن سېنىڭ ئاشۇ خىسلەتلىك قوينۇڭدا ئۆزۈم ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىم بىلەن دىدارلىشالايمەن، غەم ـ قايغۇسىز ھالدا ئۇلار بىلەن مۇڭدىشالايمەن، رېئاللىقتىكى بارلىق قايغۇ ـ ئەلەملەرنى ئۇنتۇيالايمەن...

ئاھ، تەڭرىم! سەن كىشىلىك تۇرمۇشۇمدا مەن ئۈچۈن ئەڭ

ئېھتىياجلىق، شۇنداقلا ماڭا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان كىشى-لىرىمدىن ئايرىۋەتتىڭ. مەن ھازىر تەسەللى خىياللىرىدىن، ئۇ-مىد ئەسلىمىلىرىدىن تەسكىن تىلەپ كېلىۋاتقان بىتەلەي بەندى-مەن! سەن بىزنى گەنە شۇنداق ئايرىۋەتتىڭيۇ، لېكىن چۈش، خىيال ۋە ئەسلىمە ئارقىلىق يەنە ئۇمىد ئاتا قىلدىڭ. مەن سېنىڭ يەنىلا بىر ئاددىي بەندەڭ، سەندىن شۇنداق ئۆتۈنىمەنكى، سەن مېنى بۇ رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ قۇچاقلىرىدا يەنە قانچىلىك قىي-نىساڭ قىيىنىغىنىڭكى، لېكىن ئۇلارنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكىچە بول-سىمۇ ماڭا ھاياتلىق ئاتا قىلغايسەن. سۆيۈملۈك ئايالىمنى، ئۇ-ماق قىزىمنى خەقنىڭ يۇرتىدا خار، بىر پارچە نانغا زار قىلمىغاي-سەن، ئۇلارنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن...

ئەزىز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۇرتۇۋېتىپ، تالنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۆزىگە مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان تايغاننى قېشىغا چاقىردى.

«كەل، بورسۇق، كەل، قېشىمغا كەل.»

تايغان دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەركىلەشكە باشلىدى. ئەزىز بۇ تىلسىز ھەمراھىنىڭ بېشىنى سىلىغاچ تاماكىسىنى قات-تىق شورىغىنىچە خىياللار قويىنىغا غەرق بولدى...

ئەزىز ئوقتەك ئېتىلىپ بارغىنىچە تۇرغان پىلەكنىڭ قولى-دىن ئارغامچىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرى-ۋەتتى - دە، بوشلۇقتا پىلتىڭلاپ جان تالىشىۋاتقان كۈچۈكنى دەرھال چۈشۈرۈۋالدى. تۇرغان پىلەك بىچارە كۈچۈكنى بوينىدىن باغلاپ ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى دەرەخ شېخىدىن ئارتىلدۇ-رۇپ ئېسىۋەتكەنىدى.

— ھايۋان بولسىمۇ جان ئەمەسمۇ ئۇ، — دېدى ئەزىز تۇرغان پىلەككە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ، — بىچارىنىڭ قىساسىدىن قورقمىدىڭمۇ ھەي جوھۇت!

تۇرغان پىلەك تۇيۇقسىز بۇ زەربىدىن ھاڭۋېقىپلا قالدى،

ئاڭغىچە ئەتراپقا قولۇم ـ قوشنىلار كېلىپ ئولاشتى. ئەزىز كۈچۈكنىڭ بويىنىدىكى قىل ئارغامچىنى بوشىتىپ، كۈچۈكنى قولىغا ئالدى، يېرىم جان بولۇپ قالغان كۈچۈك ئېغىر ـ ئېغىر نەپەس ئالاتتى.

— بىر قاچا سۈتنى ئۆرۈۋەتكەنگە شۇنچىلىك قىلىپ كەتكەن بارمۇ؟ — دېيىدى ياشانغان بىرى تۇرغان پېلەكنى ئەيىبلەپ، — شەرىئەتتە ئىت ـ مۈشۈكلەرنى ئۆلتۈرۈش ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. توۋا قىل، تۇرغان، توۋا قىل.

ئەتراپتىكىلەرنىڭ تاپا ـ تەنىسى بىلەن ھەرقانداق بىر جېدەلگە خۇددى پېلەكتەك چىرمىشىۋالىدىغان تۇرغان ئاشۇ پەيتتە شۈمشىيىپلا قالغانىدى. ئەزىز كۈچۈكنى كۆپچىلىكتىن تىلىۋېلىپ ئۆيىگە ئەكەتتى. دېمەك، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى رىشتە شۇ كۈندىن باشلاپ ئەنە شۇنداق باغلانغانىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈچۈك ئەزىزگە شۇنچىلىك ئىچىكىشىپ كەتتىكى، ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايتتى. كېيىنچە ئەزىز ئۇنىڭغا ئاتاپ ھويلىغا بىر ئۇۋا ياساپ بەردى. ئۆزى نېمە يېسە شۇنى بېرىپ ئاسراپ باقتى، ئۇنىڭغا زېرىكمەي ـ تېرىكمەي گەپ ئۆگەتتى، ئۆزى مەيلى نەگىلا بارمىسۇن ئۇنى يېنىدىن ئايرىمىدى. كالا سۈتى بىلەن تويۇندۇرۇلۇپ، تۆز تەمىگە ئۆگەنگەن بۇ كىچىككىنە جانىۋارنىڭ ھەرىكەت ـ قىلىقلىرى كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. كۈچۈك ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بوي تارتىپ تۈكلىرى پارقىراپ، قۇلاقلىرى دىڭ بولۇپ، ئەزىز ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ياخشى بىر ئەرمەككە، ھەمراھقا ئايلانغانىدى. كۈچۈك ئەسلىي تايغان نەسلىدىن بولۇپ، تولىمۇ سەزگۈر، ھەرىكەتلىرى چاققان، پۇراق سېزىمى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئوۋ مۇھىتى بىلەن چېنىقتۇرۇلۇپ تەربىيىلەنمىگەچكە ئۇ ئادەتتىكى ئۆي ئىتلىرىغا ئوخشاش ئادەتتىكىدەك چوڭ بولماقتا ئىدى. ئۇ پەقەت ئىككىلا جەھەتتىن ئۆز تەبىئىتىنى ئاشكارىلايتتى. بىرى،

دالاغا چىقىپ ياۋايى جان ـ جانىۋارلارنىڭ ھىدىنى سەزگەندە،
يەنە بىرى، تۇرغان پېلەكنى كۆرگەندە...
تۇرغان پېلەك مۇشۇ كۇنلەردە كوچىلاردىمۇ خاتىرجەم ماڭال-
مايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغانىدى، چۈنكى بورسۇق ئۇنى نەدە
كۆرسە شۇئان ئېتىلاتتى، بىر قېتىم بورسۇق ئۇنى كوچىدىلا
قوغلاپ بېرىپ پاچىقىدىن ئالدى، ھەممىدىن قىزىقى شۇ بولدى-
كى، ئىككىنچى قېتىم بورسۇق ئۇنىڭ پۇچقىقىدىنلا چىشلەپ،
ئىشتىنىنىڭ تىكىشىدىن بىراقلا بۆسۈۋەتتى. قاچقاندا چۈشۈپ
قالغان سېرىق شەپكىسىنى چىشلەپ ئاپىرىپ ئۆستەڭگە تاشلىۋەت-
تى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى قاچقان ھالىتى تولىمۇ كۈلكىلىك
بولۇپ، شامالنىڭ كۈچىدە بىر پۇتىنىڭ پاچىقى بىلەن يوتىسى
تامامەن ئېچىلىپ، ئارقىسىدىن بىر پارچە رەخت سۆرىلىپ،
ئۆزىنى دالدىغا ئالغۇچە دوست ـ دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا تازىمۇ مات
بولدى. ئۇنىڭغا ھېلىقى يەڭ بەلگىسىمۇ، ئادەتتىكى چاغلاردىكى
سۇر ـ ھەيۋىسىمۇ دال بولالمىدى. ھەممىدىن ئەلەم قىلىدىغىنى،
ئۇ پەقەت يالغۇز چاغلاردىلا، بورسۇق خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا
پەيدا بولۇپ قالاتتى ـ دە، ھۇجۇمغا ئۆتەتتى.
«ئىسىت! شۇ كۈنى ئۇنىڭ جېنىنى ئالالمىغىنىم ئۈچۈن
تۇمەن مىڭ ئىسىت! — دەپ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكۈنەتتى تۇرغان
پېلەك مەيدىسىنى مۇشتلاپ، — خەپ، سەنمۇ توختاپ تۇر قېرى،
ھامان قولۇمغا چۈشمىگىنىڭنى بىر كۆرەي.»
تۇرغان پېلەك ئالدى بىلەن ئىشنى بورسۇقتىن باشلىدى.
خېلى كاللا قاتۇرۇپ ئۇنى بىرنەچچە قېتىم قەستلەپ باقتىمۇ،
لېكىن ھېچ ئاقتۇرالمىدى، ھەتتا يىڭنە ـ مىخلارنى گۆش ـ
بوغۇرساقلارنىڭ ئىچىگە تىقىپ باشقىلار ئارقىلىق تاشلاتقۇزۇپمۇ
باقتى، لېكىن بورسۇق ئۇلارنى پۇراپمۇ قويمايتتى. تۇرغان پې-
لەك بولسا يا دەردىنى ئالالماي، يا ئىچىدىكىنى تېشىغا چىقىرال-
ماي ئاھ ئۇرۇپلا يۈرەتتى. ئەزىزنى تازا كەلتۈرۈپ بابلاشقا پۇر-

سەت ئىزدەيتتى. تۇرغان پېلەك يېقىندىن بۇيان كوچىغا چىقسا
دائىم بىر نەچچە تاپ باستى سوك ـ سوكلارنى ئەگەشتۇرۇۋالى-
دىغان بولۇۋالدى، لېكىن مەھەللىنىڭ قىزىقچىلىرى ئۇنى كۆر-
سىلا ئىتتىنى دوراپ قاۋاپ قوياتتى، كىچىك بالىلار «ئاله بور-
سۇق، ئاله بورسۇق» دەپ ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ، ئۇنى تېرىكتۇ-
رۇپ ئوينايتتى. بەزىلەر ھەتتا كېچىلىرى ئۇنىڭ دېرىزىسى ئالدى-
غا كېلىپ، قەستەن ئىتتىنى دوراپ قاۋاپ ئۇنىڭغا پەقەتلا ئارام
بەرمەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئاخىر بۇ ئىزا ـ ئاھانەت-
لەرگە چىدىماي ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ بېرىۋالدى. تۇرغان
پېلەك ئەمدىلىكتە كېچىسى جۆيلۇپ ياتالمايدىغان، ھەتتا يىغىن-
لاردىمۇ تۇيۇقسىزلا چۆچۇپ ئۆندەرەپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان-
دى. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئۇ بەزى چاغلاردا ئىتتەك ھۇۋ-
لاپ، كىچىك بالىلارنى كۆرسە قوغلاپمۇ قوياتتى، بەزىدە بولسا
خېلى ئوبدانلا بولۇپ قالاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ،
نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشىپ، ياقىلىرىنى سىقىشاتتى ...

شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلار ئەزىزدىن ئەيمىنىدىغان، بور-
سۇقتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدى.

«سېنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىپ توغرا قىلغانىكەنمەن، بور-
سۇق، — دېدى ئەزىز ئۇنىڭ مويلىرىنى تارىغاچ، — سېنىڭ ماڭا
بولغان ۋاپادارلىقىڭ، شۇنداقلا سېنىڭ سۇرۇڭ، مېنى يامان
كىشىلەرنىڭ قەستىدىن ساقلاپ، ماڭا خاتىرجەملىك ئاتا قىلدى.
بىز گەرچە باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان بولساقمۇ، لېكىن ھەر
ھالدا تەنھا قالمىدۇق، شۇنچە يىللاردىن بۇيان بىر ـ بىرىمىزدىن
ئايرىلماي، ئىناق ياشاپ كەلدۇق. مەن ساڭا قانچىلىك پاناھ
بولالىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، لېكىن سەن ماڭا ئەڭ ياخشى ھەم-
راھ بولۇپ كەلدىڭ، مانا ئەمدىلىكتە چاچ ـ ساقاللىرىم ئاقى-
رىپ، كۆزۈمنىڭ نۇرى قاچتى. سەنمۇ قېرىدىڭ، يەنە قانچىلىك
ياشايمىز، بۇ پەقەت بىر ئاللاغا باغلىق، لېكىن شۇنىڭغا چەكسىز

ئىشىنىمەنكى، ئۇلار چوقۇم هايات! لېكىن بىر ئىشقا هازىرغىچە ئەقلىم زادى يەتمەيدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ئادرېسىمىزنى ئەلۋەتتە بىللەتتىغۇ؟...»

ئەزىزنىڭ چاناقلىرىدىن سىرغىغان ياشلار بورسۇقنىڭ موي-لىرىغا تامچىلايتتى...

## 11

— بىلمىدىم بۇرادەر، — دېدى ئەزىز ئىنتايىن روهسىز بىر قىياپەت بىلەن دوستىغا قاراپ بوش ئاۋازدا، — نېمىشقىكىن مۇشۇ كۈنلەردە سائادەت بىلەن قىزىم چۈشۈمدە ئۆي دېسە ئۆي ئەمەس، گۆر دېسە گۆر ئەمەس بىر يەردە تۇرۇپ، مېنى قېشىغا تولا چاقىرىدىغان بولۇۋالدى، لېكىن كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار چوقۇم تېخى هايات! ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن تېپىشال-مايۋاتقانلار تېخى كۆرمىڭ، مەن پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى، خالاس، لېكىن ئۆزۈمگە ئايان، مەن ئەمدى ئۇزاق ياشىيال-مايدىغاندەك قىلىمەن...

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە، بۇرادەر، — دېدى ئاسىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — شۇنچە يىللار چىدىدىڭ، ياخشى كۈنلەرگە غېرىچ قالغاندا جۆيلۈگىلى تۇردۇڭغۇ ئەمدى؟

ئەزىز بېشىنى ئاستا چايقىدى.

— بۈگۈن سېنى چاقىرىشىمدىكى مەقسەت، ساڭا هەر هالدا بىرنەچچە ئىشنى ئالدىن تاپىلاپ قويۇش ئىدى.

— چاچ - ساقاللىرىمىز ئاقارغان بىلەن تېخى ئۆلىدىغان ياشقا كىرمىدۇق، بۇرادەر، بىز تېخى يىگىت دېگىنە، يە-گىت، — ئاسىم دوستىغا چاقچاق قىلدى.

— مانا بۇلار سائادەتنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، ماۋۇلار قىزىم ئادىلەنىڭ، ئەگەر سەپەرگە بالدۇرراق ئاتلىنىپ قالسام،

سائادەتنىڭ ماۋۇ ياغلىقى بىلەن قىزىمنىڭ ماۋۇ كۆڭلىكىنى مەن بىللە قويغايسەن، قالغانلىرىنى ئەھۋالغا قاراپ تول خو-تۇن، يېتىم - يېسىرلارغا بەرسەڭ بولىدۇ. مۇنۇ بولسا ھېلىقى نەس باسقۇر ئۆگىنىشتە قىزىمغا ئاتاپ ئالغان قونچاق ئىدى. بۇنى مەن قوشنىمىزنىڭ يېڭى تۇغـۇلغان قـىزىغا ئاتاپ قويـدۇم. ئۆي - بىساتلىرىمنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنى ساڭا تاپشۇرى-مەن. مېنىڭچە بولسا سېتىپ مەكتەپكە ئىئانە قىلىۋەتكىن، سۆ-رىتىمىز ساڭا يادىكار بولسۇن.

— نېمە دەيدىغانسەن ئەمدى، — ئاسىمنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — ئەگەر خالىساڭ ئەتە شەھەرگە كىرىپ بىر مەھەل تۇرۇپ چىقايلى، كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالار.

— شەھەرگىمۇ كىرىپ چىقتىم، قايتىشىمدا ئاتا - ئانامنىڭ تۇپراق بېشىنىمۇ يوقلىۋالدىم، بورسۇقمۇ قېرىپ قالدى، مەندىن كېيىن قالسا ئۆيۈڭگە ئەكېتىۋالارسەن...

— نېمە ئەمدى ھازىرلا ئۆلىدىغاندەك، مەن كېتىپ، سەن قالامسەن تېخى.

— ياق، سەن بولساڭمۇ ئالدىرىماي تۇر، سەن تېخى پەر-زەنتلىرىڭ ئالدىدىكى قەرزىڭنى ئادا قىلىپ بولالمىدىڭ، — ئۇ يان تەرەپتىكى كىچىك ساندۇقچىنى ئېچىپ، ئىچىدىن بىر پارچە خەتنى ئالدى، — بۇ خەت تېخى تۇنۇگۇنلا پوچتا ئارقىلىق قايتىپ كەلدى، قالغان خەتلەرنى تامامەن كۆيدۈرۈۋەتتىم، ئەگەر مەن ئۆلۈپ كېتىپ، سائادەت بىلەن قىزىم كېلىپ قالغۇدەك بولسا قولىغا بەرگەيسەن، ئەگەر زادىلا ئۈمىد بولمىسا ئوقۇپ بولۇپ كۆيدۈرۈۋەتسەڭمۇ بولىدۇ. ئەمدىكى گەپ، مەن ھېلىقى بىزنى ئايرىۋېتىشكە سەۋەبچى بولغان خەتنىڭ ئىگىسىنى تاپتىم.

ئاسىم چولاق ئورنىدىن ئىختـىيـارسىز لىككىدە تۇرۇپ كەتتى.

— ئېيتە، ئۇ تۇزكور زادى كىمكەن؟ ئۇ ھازىر نەدە؟

— ئايشەم.

— ئايشەم، غۇلامنىڭ ئايشەممۇ؟ ياق، ياق، ئۇ بۇنداق پەسكەش ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ، تېزرەك ئېيتساڭچۇ؟ زادى قايسى ئايشەم ئۇ؟

— مېنىڭ ئەينى چاغدىكى ساۋاقدىشىم ئايشەم قارا كۆز، مەن ئىلگىرى ئۇ توغرۇلۇق ساڭا سۆزلەپ بەرگەن.

— ھە، ئېسىمگە كەلدى. ھەتتىگىنەي، مېنىڭ ئۇنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بوغۇزلىۋەتكۈم كېلىۋاتىدۇ، — ئاسىم ئورنىدىلا بىرنەچچىنى پىرقىرىۋەتتى، — ھۇ قانجۇق، خەپ توختاپتۇر، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىۋەتمەيدىغان بولسام، ئاسىم چولاق بولماي كېتەي.

— ئەپسۇس، ئۇ ھازىر بۇ ئالەمدە يوق.

— نېمە، نېمە؟ ئۇ قانجۇقنى چاقماق سوقۇۋەتمىگەندۇر؟

— ياق، ئۇنىڭ قەغەز يەپ، كاربونلۇق سىياھتىن زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كەتكىنىگىمۇ بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى.

— خۇدا ئۇردى دېگەن ئەنە شۇ، — ئاسىم قوللىرىنى ئىشقىلىدى ۋە ياندۇرۇپلا سورىدى، — ئەمەلىيەتتە سەن خەتنى ئۇنىڭ يازغانلىقىدىن بۇرۇنلا خەۋەر تېپىپتىكەنسەن ـ دە؟

ئەزىز تۇيۇقسىزلا قېقىلىپ كەتتى ۋە قان ئارىلاش تۈكۈردى. ئاسىم دوستىنىڭ ئاغزىدىكى قان يۇقۇندىلىرىنى سۈرتتى، ئۇنىڭغا ئۇسسۇزلۇق تەڭلىدى.

— شۇنداق، ئەمەلىيەتتە مەن خەتنى ئۇنىڭ يازغانلىقىنى ئۇنى داۋالىغان دوختۇر، يەنى نەۋرە سىڭلىم ئارقىلىق خەۋەر تاپقانىدىم. مېنىڭ ئاشۇ گۇمانلىق خەتنىڭ ئىگىسىنى قانچە ـ قانچە يىللاردىن بۇيان ئىزدەپ كېلىۋاتقانلىقىم ساڭا بەش قولدەك ئايان، لېكىن پەقەتلا يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمەي كەلگەنىدىم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئايشەمنىڭ ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا كېيىنچە ئۇنىڭ نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قال-

غانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندە ئۇنىڭ ئەھۋالى ئويلىغىنىمدىنمۇ بەتتەرەك ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ گۈل ساتىمەن دەپ لىق بىر چېلەك مەردەكنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپتىكەن.

— گەپنى ئامال بار چۈشىنىشلىك سۆزلىگىنە، بۇرادەر.

ئەزىز ئالدىدىكى چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلىغاندىن كېيىن ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن ئايشەمنى شۇ چاغدىلا شەھەردىكى نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويغانىدىم، لېكىن ئۇنىڭ كۆزىگە زادىلا كۆرۈنمىدىم، كېيىنچە ئۇنى يوقلاپ بارسام ئۇ بىرنەچچە ھەپتە ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. نەۋرە سىڭلىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئارىلىقتىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ ئۇنىڭ كېسىلى خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ. ئۇ نەۋرە سىڭلىمدىن مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقلىرىمنى ئاڭلاپ، ئۇن سېلىپ قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە تۇيۇقسىزلا نەۋرە سىڭلىمغا ئېسىلىپ، بەزى جەريانلارنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن «ئۇ خەتنى مېنىڭ يازغانلىقىمنى ئاكىڭىزغا ھەرگىز دەپ قويماڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي، ھەرگىز دەپ قويماڭ، دەپ يېلىنىپتۇ ۋە ياتىقىغا كىرىۋېلىپ، ئىككى كۈنگىچە ھېچكىمنى كىرگۈزمەپتۇ. كېيىن ئاڭلىسام ئۇ دوختۇر، سېستىرالارنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ سىياھ ئىچىپ، قەغەز يەپ، كاربوندىن زەھەرلىنىپ، ئىچى قېتىپ ئۆلۈپتۇ.

— ئەل قىساسى مىنەلھەق، — ئاسىم چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، — ئۇ سارائىنىڭ بۇنچىلىك ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئەقلى يەتمەيدۇ دېسە.

— ياق، ئۇ ئېرىدىن ئاجرىشىپ بولۇپلا مېنى ئىزدەپ كەپتىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەق مېنىڭ تويۇم بولۇۋاتقاننىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالغان گەپ.

— يا ھەزرەت، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟ — ئاسىم خېلىدىن بېرى دوستىنىڭ ئاياپ چەكمىگەن تاماكىسىغا

ئوت ياقتى، — ھېلىمۇ ئايال بولۇپ قالغىنى ئۇ جانىۋارنىڭ، مۇھەببەتنى دەپ ئۇنچىلىك شەخسىيەتچىلىك قىلىپ كېتىشكە ئەرزىمەيتتىغۇ ئەسلىي ...

ئۇلار جىمىپ كېتىشتى، بىر پەستىن كېيىن يېقىنلا بىر يەردىن، مەھەللىدە تۇرۇپ - تۇرۇپلا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالىدىغان ھېلىقى ساراڭ ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— گۈل ساتىمەن گۈل.

بۇ ئاۋازدىن ئەزىزنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، ئاسىمنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن پارقىراپ كەتتى.

— سەن بايا، ئايشەم ساراڭنى گۈل ساتىمەن دەپ بىر چېلەك مەردەك كۆتۈرۈۋاپتىكەن دېۋىدىڭ، قارىغاندا بۇ ساراڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر قېلىپتىكىدەك قىلامدۇ، نېمە؟

ئەزىز ياشلىق كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى ۋە ئاستا پىچىرلىدى:

— ئايشەم قارا كۆز دېگەن دەل مۇشۇ ساراڭنىڭ ئۆزى شۇ!

ئاسىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە، نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ جۆيلۈۋاتمايدىغانسەن؟

ئەزىز ئەلەم بىلەن ئېغىر ئۇھ تارتتى.

— خېلى يىللار بولدى، مەن ئۇنىڭ شۇنداق ئۆلۈشىنى ئاللادىن تىلەپ كېلىۋاتىمەن.

ئاسىم لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە خېلىدىن كېيىن ئاستا پىچىرلىدى.

— ساراڭغا ئۆلۈم يوق، قانۇندا جازا...

* *

— بۇرادەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ھەش - پەش دېگۈچە مانا بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى، — دېدى ئاسىمكام ئۇلۇغ - كىچىك

تىنىپ، — ئۇ بۇ دۇنيادىن ھېچقانچە خوۋلۇق كۆرمەي، ئەنە شۇنداق ئۇن - تىنسىزلا كېتىپ قالدى. ئۇ ئايالىنى، ئوماق قىزىنى ئۈمىد بىلەن نەچچە ئون يىل كۈتتى، ساقلىدى، بىراق ئۇلارنىڭ خەۋىرىنىمۇ ئالالماي ئارمان بىلەن كۆزى ئوچۇق كەتتى. مەن ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە كېيىنكى ئىشلارنى جايىدا بىر تەرەپ قىلدىم، مەرھۇمنىڭ تويىمۇ ئاجايىپ بولغانىدى، ئۆلۈمىمۇ شۇنداق بولدى. جامائەت تەۋرىنىپ كەتتى، بورسۇقنىمۇ ئۆزۈم قائىدىسى بىلەن كۆمدۈم، ئوقۇغۇچىلار يېشى تېخى ئەمدىلا ئەللىكتىن ئاشقان بۇ سۆيۈملۈك سېخىي بوۋىسىنىڭ قەبرىسىگە گۈللەر تىزدى، تۇپراق بېشىنى خالىسانە سۇپۇرىدىغانلار ئاۋۇدى، بۇرادەر ھايات ۋاقتىدا ئەمەس، ۋاپاتىدىن كېيىن ئەزىزلەندى. مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتىن ئاتا قىلغايسەن، ئىلاھىم.

خىيال ئېكرانىمدا ئۇنىڭ سېيماسى گەۋدىلەنگەندەك بولدى. گۆدەك چاغلىرىمىزدا تولىمۇ كەپسىز ئىدۇق، بولۇپمۇ خالمۇرات ئىككىمىز ئۇنى بەكرەك تېرىكتۇرۇپ ئويناپتتۇق، ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ چىشىغا تېگەتتۇق، لېكىن ئۇنىڭ بىرەر قېتىم بىزگە ئاچچىقلىنىپ باققانلىقىنى بىلمەيتتۇق، ئۇ پەقەت بىزگىلا ئەمەس، باشقىلارغىمۇ شۇنداق ئىدى. بىز ئۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يانچۇقىغا بەكرەك قىزىقاتتۇق، چۈنكى ئۇنىڭ يانچۇقىدا بىز ئامراق نەرسىلەر، بولۇپمۇ كەمپۈت ئۆكسۈپ قالمايتتى. بورسۇقمۇ بىز بىلەن ئوبدانلا چىقىشاتتى، لېكىن بىز تاشلاپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھەرگىز يېمەيتتى.

بۈگۈن مەن ئەينى چاغلاردا ئۇنىڭ مۇشۇ تالنىڭ بويىدا نېمە ئۈچۈن غەمكىن ئولتۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنىڭ، كىچىك بالىلارغا نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆيىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتتىم. شۇ چاغلاردا ئۇنى تېرىكتۇرىمەن دەپ قىلىپ كەتكەن قىلىقلىرىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ خىجىل بولاتتىم...

— كېيىنچە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئالالمى-

دىگىنزمۇ؟

ئاسىمكام بېشىنى ئاستا چايقىدى.

— ئۇلارنى خېلى سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۈم، لېكىن پەقەتلا خەۋىرىنى ئالالمىدىم. بۇ ئىشلارغا ئادەمنىڭ زادى ئەقلى يەتمەيدۇ دېسە.

— مەرھۇمنىڭ قەدرىگە ئەجەب يەتمەپتىكەنمىز، — دېدى خالمۇرات ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — ئۇنىڭ شۇنچە دەرد - ئەلەملەرگە چىداپ، شۇنچە يىللارنى ئازاب، زارىقىش ئىلكىدە ئۆتكۈزۈپ، ئۈن - تىنسىز ياشاپ كەلگەنلىكىگە راستتىنلا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، ھەممىنى قىلغان شۇ سارالڭ. ئۇ بۇ دۇنيادىغۇ توڭلاپ تۈگەشتى، ئۇ دۇنيادا كۆيۈپ باقىدۇ تېخى.

— ئاسىمكا، ئۇنىڭ ئايالىغا يازغان ھېلىقى خېتىنى ساقلاپ كېلىۋاتامسىز ياكى...

— دوستۇمنىڭ ئامانىتىنى ئۇلارنىڭ ئۆز قولىغا تەگكۈزەرمەن دەپ، ھېلىھەم يېنىمدىن ئايرىماي ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. قارىغاندا ئەمدى بۇمۇ مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ، — ئاسىمكام قولياغلىقىنى يېيىپ، باشتا ئۇلارنىڭ بىرگە چۈشكەن سۈرىتىنى ئېلىپ بىزگە تەڭلىدى.

— مانا بۇ مەرھۇمنىڭ بىردىنبىر تەسەللىسى.

سۈرەت سارغايغان، كونىراپ كەتكەنىدى. سۈرەتتە چىرايلىقىنە بىر چوكان ئىككى - ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى ئوماق بىر قىزچاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. يېنىدا بولسا كېلىشكەن، ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت بىر قولىدا چوكاننىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ كۈلۈپ تۇراتتى...

كۆزلىرىم ئىختىيارسىز ياشلاندى، تەقدىر بۇ بەختلىك ئائىلىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئىنتايىن ئېغىر چاقچاق قىلغانىدى...

— مانا بۇ ئۇنىڭ ئامانىتى، — دېدى ئاسىمكام قولىدىكى

خەتنى ماڭا ئۇزاتقاچ، — مەن ئۇنى مۇشۇ كەمگىچە ساقلاپ كەلدىميۇ، لېكىن ئېچىپ ئوقۇشقا جۇرئەت قىلالمىدىم.

مەن خەتنى قولۇمغا ئېلىپ ئاسمىكامغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدىم.

— ئاڭلىساق سېنى كىتاب يازىدۇ دەيدۇ، كېيىنچە بۇ توغرۇلۇق بىر نەرسە يېزىپ قالساڭ ياردىمى بولۇپ قالار، قېنى ئۇنلۇكرەك ئوقۇغىن، بىرلىكتە ئاڭلايلى.

ئىشىنىڭ ئەمەلىيىتىنى بايان قىلىش بىلەن باشلانغان دەرد - ئەلەم، ھەسرەت - نادامەت، ئەسلەش ۋە كۈتۈش، ئۈمىد ھەم قايغۇ، سېغىنىش ۋە چۈشكۈنلۈك گۈپۈلدەپ تۇرغان بۇ خەت ئىنتايىن تەسىرلىك، تولىمۇ ھەسرەتلىك يېزىلغان بولۇپ، خەتنى ئوقۇش داۋامىدا نەچچە - نەچچە قېتىملاپ ئۈنۈم بوغۇلۇپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. ئاسمىكام ئاللىبۇرۇن تالنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغان بولۇپ، خالمۇراتنىڭ كۆزى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى ...

مەن خەتنىڭ ئاخىرقى جۈملىلىرىنى ئاستا تەكرارلىدىم.

«ياتنىڭ يۇرتىدا نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانسىز، سائادەت؟ بىلىمەن، ھەممىگە مەن ئەيىبلىك، ئىسمى - جىسمىغا ياراشمىغان ئەزىز ئەيىبلىك، بۇ دۇنيادا مەن سىزنى بەختلىك قىلالمىدىم، قىزىمنى قېنىپ - قېنىپ سۆيەلمىدىم، ئۇنى باغرىمغا باسالمىدىم، ئۇنىڭغا ئاتىلىق مېھرىمنى بېرەلمىدىم، ئۇنى قاتارغا قوشالمىدىم، ئەگەر سىلەر كەلگەندە مەن ئالدىڭلارغا يۈگۈرۈپ چىقالمىسام ئۇ چاغدا چوقۇم گۆردە مەن! تۇپراق بېشىمغا چىقىپ قويالارسىزمۇ، سائادەت؟ ...

ئەگەر ھايات بولسام، سىلەرگە قۇچاق يېيىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ئاق چاچلىق بوۋاي دەل مەن بولىمەن! مېنى دادا

دەپ چاقىرىپ قويالارسىزمۇ، قىزىم؟ مېنى كەچۈرۈۋېتەر-
سىلەرمۇ جانجىگەرلىرىم ...»

## خاتىمە

ئەتىسى ئاسىمكام، خالمۇرات ۋە بىرنەچچىمىز ئۇستا تەك-
لىپ قىلىپ كىچىكرەك بولسىمۇ، كۆركەم قىلىپ گۈمبەز ياسى-
دۇق. بىر پارچە تاشقا ھۆسنخەتلىك قىلىپ تۆۋەندىكى سۆزلەرنى
چەكتۇردۇق.

«ئۇ ھامان ئۇلار بىلەن بىرگە ...»

شۇ كۈنى يەنە بورسۇقنىڭ يەرلىكىنى يوقلىدۇق، كۆچەت
تىكتۇق...

مەن كاماندىروپكىدىن قايتىپ كېلىپ، بىرنەچچە كۈندىن
كېيىن مەرھۇمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە بىرەر نەرسە يازاي
دەپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم. شۇئان ئۇنىڭ سىيماسى يەنە بىر
قېتىم كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. ئەنە ئۇ بورسۇقنى ئەگەشتۇرۇپ
كۈلۈمسىرىگىنىچە مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. بىر قولىدا
ھېلىقى سۈرەت، يانچۇقىدا لىق كەمپۈت ...

# قاق بولغان ئالما

يېڭى يىلنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن ياتاقداشلىرىمنىڭ خىياللىرى تولىراپ، پىلانلىرى كۆپىيىپ، ئۆزئارا ئېلىم - بېرىملىرىنى سۆيلىشىپ، ھە دېسىلا بازارغا يۈگۈرىدىغان بولۇۋالدى. قىياسىمچە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قىز دوستلىرىغا، قوغلىشىۋاتقانلىرىغا كۆڭۈلدىكىدەك سوۋغا تەييارلاپ، ئۆزلىرىنىڭ مەرد، مۇھەببەتكە سادىق ئىكەنلىكىنى جايىدا ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشنى ئىزدىسە، يەنە بەزىلىرى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مودا كىيىنىپ، راۋۇرۇس ياسىنىپ، دوست - دۈشمەنلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتىشنى ئويلايتتى. ئىشقىلىپ، ھەممىنىڭ ئويىدا ھەر خىل كوي ئىدى، لېكىن مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىم ئۆزۈمگە ئايدىڭ بولغىنى ئۈچۈن، دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتكەنىدى، چۈنكى تەسىرلىك قىلىپ ئىككى پارچە خەت سېلىۋەتكەن بولسامۇ، ئۆيدىكىلەرنىڭ مۇشۇ ئايلىق ئىلتىپاتىنى تېخى تاپشۇرۇۋالمىغانىدىم. پورتمالىمدىكى بار - يوقىنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ پەقەتلا توققۇز سوم، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرچى ئايالنىڭ يوتقان تاشلىقىمنى يۇيۇپ بەرگەن ھەققى ئۈچۈن ئىككى سومنى بېرىۋەتسەم قالغىنى ئاران يەتتە سوم، ئۈچ يېرىم چىنە سۈيۈقئاشنىڭ پۇلى دېگەن گەپ! نۆۋەتتىكى ئەھۋالىمنى دېمىسەم باشقىلاردىن قالغۇچىلىكىم ئەسلا يوق ئىدى. لېكىن ...

شۇئان كۆز ئالدىمغا قىز دوستۇمنىڭ ماڭا قاراپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقى كېلىۋېلىپ، تەنلىرىم شۈركۈنۈپ

كەتتى. راستىنى دېگەندە، دوست ـ دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا ماۋۇ قىز دوستۇمغا تەييارلىغان سوۋغىتىم دەپ ئىككى ئېغىز سۆز قىلىۋال-مىسام، تۆت تەڭگىنى كاستۇمۇمنىڭ ئىچ يانچۇقىغا يۇرەكلىك سېلىپ، قىز دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن مەكتەپ دەر-ۋازىسىدىن غاچ ـ غۇچ دەسسەپ چىقالمىسام، ئۇنىڭغا ئاتقان پولىرىمنىڭ، شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىمنىڭ، چاقچاقلىرىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالدى ئەمدى! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يېڭى يىل مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىنكى تۇنجى كەلگەن يېڭى يىل! ئەلۋەتتە خاتىرىلەشكە ئەرزىيدۇ! سوۋغىنىغۇ بىر ئامال قىلىپ كۆردۇم دەي، لېكىن ئۇنى بىر ـ ئىككى دوستى بىلەن تاماققا تەكلىپ قىلىش، خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈش... ئويلىغانچە بېشىم-نىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتماقتا ئىدى. ھەتتىگىنەي، مۇشۇ كۇنگە قېلىشىمنى بالدۇرراق بولسىمۇ ئويلىغان بولسام ئىدىم ـ ھە...

مانا بۈگۈن يېڭى يىل ھارپىسى. چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ يېڭى يىللىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۈچۈن سىنىپىمىزنى بېزەيمىز.

بۈگۈن كېچە مەكتەپ ئىچى تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان كۆڭۈل-لۈك بىر دۇنياغا ئايلىنىشتا گەپ يوق، چۈنكى ئون نەچچە كۈندىن بۇيان سىنىپلاردا، ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە ئاڭلىنىۋاتقان ئېلېكترونلۇق روياال، دۇتار، تەمبۇر، گىتار ئاۋازلىرى بۇ قى-ياسنىڭ ھەقىقىي پاكىتى. پەمىچە ئالدىراپ كەتكەن بەزىبىر جۈپلەر يېڭى يىل سوۋغىلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا ئاتلىنىپ بولدى، لېكىن مەن...

تېخى بايىلا ئۈچۈرۈپ قويغان ئاقسۇ باينىڭ پېلەكچە ئورىغان موخۇركىسىنى قايتىدىن تۇتاشتۇردۇم ـ دە، قېنىپ ـ قېنىپ شورىغاچ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. راستىنى دېگەندە، بۈگۈن ئەتىگەن دەرسكە چىقمىغانىدىم. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ تۇيۇقسىز كاللامغا «بەلكىم مۇشۇ پۇلنى جايىغا كەلتۈرۈپ خەج-

لىيەلىسەملا بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتەلىشىم مۇمكىنغۇ» دېگەن غەيرىي بىر خىيال كىرىپ قالدى. توغرا، توغرا، ئۇنىڭ ئالمىغا ئامراقلىقى ئەجەب ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ - يا! شۇئان ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم - دە، پورتمالىمنى چىقىرىپ ھېلىقى كۆپەيمەي ئازىيىپ قالغان پۇلۇمنى باشقىدىن بىر سانىۋەتكەندىن كېيىن تەۋەككۇل دەپ بازارغا قاراپ چاپتىم.

# 1

ئوڭ قولۇمدا بىر جۈپ يېشىل يوپۇرماقلىق سىرلاپ قويغاندەك قىپقىزىل ئالما، سول قولۇمدا بىر دانە بور ساندۇقى، كاللام سەگەكلىشىپ پىكىرلىرىم ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئالدى بىلەن ئاق قەغەزدە بور كوروپكىسىنى شىلىم بىلەن چاپلاپ چىقتىم. بۇمۇ بولدى. ئالمىنى ئاۋايلاپ سىلىپ كۆرگەنىدىم. ۋاھ! تازىمۇ دەل كەلدى. ئاندىن بىر پارچە كىچىك ئاق قەغەزنىڭ ئەتراپىنى ئىنچىكىلەپ نەقىشلەپ، ئوتتۇرىغا دەل كەلتۈرۈپ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» دېگەن مىسرانى ھۆسنخەت بىلەن يېزىپ ئالمىغا چاپلىدىم. ئىككى سوم خەجلەپ، ئالما سېپىغا رەڭلىك لېنتا چىگدۇردۇم. ئاق قەغەز يېپىشتۇرۇلغان بور كوروپكىسىنى رەڭلىك قەغەز بىلەن ئورىتىپ، گۈل چىقىرىپ لېنتىلاتتىم. ئىشلار بىر قۇر ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئىختىيارسىز «ئۇھ!» دەپ تاشلاپتىمەن. شۇئان ھېلىقى گۈلچى قىز ماڭا لاپپىدە قاراپ قويدى - دە:

— مېنىڭچە سىز چوقۇم شائىر، بۇ سوۋغىتىڭىز ماڭا بىر پارچە لىرىك شېئىردەك بەكمۇ رومانتىك تۇيۇلدى. سۆيگىنىڭىز بۇ سوۋغىتىڭىزدىن چوقۇم خۇشال بولىدۇ، — دېدى تەبەسسۇم بىلەن.

گۈلچى قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز روھىم كۆتۈ-

رۇلۇپ رەھمەت ئېيتـقـۇم كەلدـيـۇ، لېكىن گەپ قىلمىدىم، ئۆزۈمنى سالماق تۇتۇپ گۈل دۇكىنىدىن چىقىپ كەتتىم.

ئەلۋەتتە، بىرەر ئىش ئۈچۈن شۇنچىلىك ئىنچىكىلىك بىلەن باش قاتۇرغان ئادەم، ئېنىقكى، شۇ ئىشنى قانداق يوسۇندا ئاخىر-لاشتۇرۇشنىمۇ ئويلاپ قويغان بولىدۇ. سوۋغىنى يەتكۈزۈپ بې-رىشتە تاللىغان ئىشەنچلىك نامزاتىم دەل فىزىكا فاكۇلتېتىدىكى دوستۇم ئىلھام ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قوغلىشىۋاتقان قىزى دەل رازىيەنىڭ ساۋاقدىشى ئىدى. ئىشىنىمەنكى ئىلھاممۇ بۇ يېڭى يىلنى رازىقىپ كۈتكەن مەردلەرنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە.

تەھلىلىمنىڭ پاكىتى بار، ئاساسى تولۇق ئىدى. شۇ خىيال-نىڭ تۈرتكىسى بىلەن پۇلنىڭ ئېشىپ قالغىنىغا ئەرزان بولسىمۇ بىر قاپ تاماكا سېتىۋالدىم - دە، مەكتەپكە قاراپ يول ئالدىم. تەلىيىمگە ئىلھام ياتاقتا بار ئىكەن.

— قېنى كېلە، بۇرادەر، — دېدى ئۇ مۇرەمگە شاپىلا-قلاپ، — ئۆزۈمىنغۇ ياتىقىڭغا بىر چىقاي دەپ تۇراتتىم. ئۆزۈڭ بىلىپ غىپلا كىرىپسەن، شېرىن دۇشمەنلىرىمىزنىڭ يېنىغا ئو-لاش - چولاش غاچلا بېرىپ كېلەمدۇق ياكى سوۋغا - سالاملىرىڭ بولسا ئۆزۈم گاچلا بىر تەرەپ قىلىۋېتەيمۇ - يا؟

بىرنەچچە كۈنلۈك باش قېتىنچىلىقىمنىڭ بىر - ئىككى سائەت ئىچىدىلا بۇنداق ئوڭۇشلۇق ھەل بولـۇپ، ئىـشـىمنىڭ سۇدەك يۇرۇشۇپ كېتىشىگە ئۆزۈممۇ ھەيران ئىدىم.

— سەن بىلەن بىرگە خويمۇ بارغۇم بار ئىدى، ئاداش، — دېدىم مەن ئالدىنئالا تەييارلىقىم بولغاچقا، — لېكىن كەچتىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ھەممە ئىشلى-رىغا مەن مەسئۇل بولمىسام بولمايدىكەن دېگىنە، شۇڭا سەندىن ئۆتۈنىدىغىنىم، ئەھۋالىمنى رازىيەگە توغرا چۈشەندۈرۈپ قويغان بولساڭ، بولۇپمۇ ماۋۇ نەرسىلەرنى چوقۇم ئۇنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن بولساڭ.

ئىلھام گۈلچى قىزنىڭ دېگىنىدەك ھېلىقى «رومانتىك شې-ئىرىم»نى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى دەڭسىگەچ كۆزۈم-گە قىزىقسىنىپ تىكىلدى.

— بۇرادەر، — دېدى ئۇ ھەيرانلىق بىلەن، — باشقىلارنىڭ يۈرىكىنى ئوغرىلاپ ئۆزۈمنىڭ دەپ ئۇنىڭغا ئەۋەتمەيۋاتقانسەن؟ ئەمەلىيەتتىنغۇ ئۆزۈڭنىڭ يۈرىكى ھىجران ئوتىدا پۇچىلىنىپ بىر يەرگە باردى.

— نېمە دېگۈڭ كەلسە دەۋەرگىن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ھېلىقى بىر قاپ تاماكىنى تەڭلىگەچ، — ئىشقىلىپ، باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن.

*　　　*

تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ئىشخانىمىزدىكى ئابلەت مۇئەل-لىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نېمە تۇگىمەيدىغان خىيال بۇ؟ يىگىت، تاماكىنى بۇنداق-مۇ كۆپ چەككەن بارمۇ؟ تېز بولۇڭ، مەكتەپ مۇدىرىمىز سىزنى ئىشخانىسىغا چاقىرىۋاتىدۇ.

## 2

— شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى سىزنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ چېنىقىپ كەلسۇن دەپ ئالاھىدە قارار چىقىرىپتۇ، مانا بۇ ئۇقتۇرۇش، — دېدى مەكتەپ مۇدىرىمىز ماڭا بىر پارچە قەغەزنى تەڭلەپ تۇرۇپ، — سىز تېخى ياش، قابىلىيەتلىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئائىلە يۈكىڭىز يوق، ھەممىدىن مۇھىمى بۇ رەھبەرلىكنىڭ سىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى.

بۇ ئۇشتۇمتۇت قاراردىن تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدىم.

— لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ سىزدەك ياشلار ئۈچۈن بىر ياخشى چېنىقىش پۇرسىتى، كېلەچەكتىكى ئۈچۈن بىرىنچى پەلەمپەي، — مۇدىر ئاخىر كۆڭلۈمنى ياساپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمىدى، — خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇكام، رەھبەرلىكنىڭ كۆڭلىدە چوقۇم سان بار، ئۇزۇن ئۆتمەي سىزنى مەكتىپىمىزگە قايتۇرۇپ كەلمىسىمۇ باشقا مەكتەپلەرگە ئۆستۈرۈپ...

توۋا دەيمىنا، بۇ نېمىدېگەن ئوخشاشلىق ـ ھە! بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى فاكۇلتېت مۇدىرىمىزمۇ مانا مۇشۇنداق تەلەپپۇزدا، مۇشۇنداق قىياپەتتە كۆڭلۈمنى مۇشۇنداق ياسىغاندى.

«سىزنى فاكۇلتېتىمىزغا ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز، ئىشىنىڭ ئاخىرى چىققۇچە يۇرتىڭىزغا قايتىپ تۇرۇشىڭىزنى ئويلاشتۇق. ئىشىنىمەنكى، سىز فاكۇلتېتىمىز نۇقتىلىق تەربىيىلىگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى، خاتىرجەم بولۇڭ، ۋاقتى كەلگەندە ئوقتۇرۇشنى ...»

بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مەسۇم بىر ئۈمىد ئىلكىدە پەپىلىنىپ كەلگەن بۇ يۈرىكىم تۇيۇقسىز ئېغىپ كەتتى. چۈنكى قولۇمدىكى فاكۇلتېت مۇدىرىمىز دېگەن ھېلىقى ئوقتۇرۇش ئەمەس، بەلكى مەن كۈتمىگەن ئويلاپمۇ باقمىغان باشقا بىر ئوقتۇرۇش ئىدى!

شۇنداق قىلىپ ئىسىم ـ فامىلەم بۇ چەت يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار تىزىملىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا يېزىلىپ، ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىدىكى يوقلىمىدا «بار» دەيدىغانلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا تىزىلىپ كېلىۋاتقىنىمغىمۇ خېلى ئايلار بولۇپ قالغانىدى.

ئەتراپ قاراڭغۇ، مەكتەپ ھويلىسى جىمجىت.

مەن بۇ مەكتەپكە كەلگەندىن بۇيان ياتاقدىشىم ئەكبەرنىڭ يوتقان ـ كۆرپىسى بىلەن ياتاقداش بولۇپ كېلىۋاتىمەن. ئەمەلـ

يەتتە ئاشۇ يوتقان ـ كۆرپىلەرگە قەۋەتلا ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ. بەزىدە ھەتتا بۇ يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئەكبەرگە مەكتىپىمىزدىكى ھاراق دېسە ياق دېمەيدىغان، ئىچىۋالسا خوتۇنىدىن قورقۇپ ئۆيىگە كېتەلمەيدىغان ئاشۇ بىرنەچچە خىزمەتدىشىمىز پۇل يىغىش قىلىپ تىكتۇرۇپ بەرگەنمىكىن دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن. ئىشقىلىپ سېلىش باشقىلاردىن، يىغىش مەندىن.

بۇگۈنمۇ يەنە غۇۋا يورۇپ تۇرغان لامپۇچكىغا ئۆزىنى توختىماي ئۇرۇپ، ھارغىنى بىلەن كۆيۈپ ئۆلگىنىنى ئىلغا قىلىش ئىقتىدارىدىن يارىلىشىدىنلا مەھرۇم قالغان بىر توپ پەرۋانىگە قاراپ، ھېلىقى گۈزەل، لېكىن مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق بولغان ئەسلىمىلەر قاينىمىغا غەرق بولدۇم···

*    *

كىچىكىمدىن باشلاپ يېتىلگەن ئادەتمىكىن دەيمەن، ئالىي مەكتەپكە چىققىمۇ كىتاب ئوقۇش بىلەن پۇتبول ئويناشنى زادىلا قولدىن بەرمىدىم، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا مېنى ئىزدەيدىغانلار كۆپ ھاللاردا مېنى مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىن، بولمىسا پۇتبول مەيدانىدىن تاپاتتى، مەن مۇشۇ جەريانلاردا ئىككى دوست تېپىۋالغانىدىم.

بىرى بىلەن كۆپ ھاللاردا مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا ئۇچرىشىپ قالاتتىم، بىلىپ ـ بىلمەي سىرلىق رەۋىشتە بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپمۇ قوياتتۇق، ئۇ بولسىمۇ دىلدار! دىلدار بىزنىڭ فاكۇلتېتنىڭ مەندىن بىر يىللىق تۆۋەن ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئاڭلىسام ياتاقداشلىرى زېرىكىپ قالسىلا ئۇنىڭ كىرپىكلىرىگە سەرەڭگە تېلى تىزىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىكەن ئويناپدىكەن.

يەنە بىرى بولسا ئاچچىقى بىلەن تاتلىقىنىڭ تازا پەرقى يوق،

توپ ئوينىغاندا ھە دېسىلا باشقىلاردىن «قويەۋاي سېنى ئاداش، پۈتۈكىدىكىنى خۇددى پىچىپ يەيدىغان تاۋۇزۇكىدەك ساقلاپ يۈر- گىچە ماڭا گاچىلا بەرگەن بولساڭ مەن ۋاقلا قىلىپ ھەي… ي…ي» دەپ ئاغرىنىپلا يۈرىدىغان ئىلھام ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن كەسپىمىز ئازراقمۇ ماس كەلمىگەن بىلەن ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ ئوبدانلا چىقىشىپ قالدۇق.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بىرنەچچە- مىز ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، يۈرىكىمىزدە دەردىمىز بار دەپ، بىر بوتۇلكا قىزىل ھاراقنى تالىشىپ ئىچىپ، ئارتۇق كەتكەن بىرنەچچە رومكىنىڭ كاساپىتى بىلەن ئىشىك ئالدىنى بىر كېچە ساقلىغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. بىر نەچچە پارچە خېتىمى- نىڭ جاۋابىنى بەرمىگەن ھېلىقى قىز ساۋاقدىشىمنى ھېلىھەم ئەسلەپ يۈرگەن شۇنداق بىر كۈنلەردە ھېلىقى ئۇزۇن كىرپىككە تويۇقسىز ئۇچراپ قالغىنىمنىلا بىلىمەن. ئۇنىڭ كىرپىكىگە نە- مەم ئىلىنىپ قالدىكىنتاڭ، ئۆزۈمنى باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلى- نىپ قالغاندەك سېزىدىغان بولۇپ قالدىم. قەلبىمدىكى بۇ مەخپى- يىتىمنى يا ئۇنىڭغا دېيەلمەي، يا باشقىلارغا ئاشكارىلاپ بولسىمۇ ئىچىمنى بوشىتالماي خېلى ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئۆزۈمە- نىڭ ئەنە شۇنداق بىر ھەسرەتلىك تويغۇغا مۇپتىلا بولۇپ قالغان- لىقىمنى ئېتىراپ قىلىش، ماڭا ئىنتايىن ئېغىر تويۇلماقتا ئىدى…

ئىلھام بىلەن ئاز ـ تولا ئىچىشىپ قالغان ۋاقىتلىرىمىزدا ئۇ ماڭا زادىلا گەپ بەرمەيتتى. راستىنى دېسەم ئۇنى فىزىكا فورمۇلالىرىغا قارىغاندا پۇتبول چولپانلىرىنىڭ ئىسمىنى تولىراق بىلەمدىكىن دەپمۇ قالىمەن.

يېقىندىن بويان دىلدارنى كۇتۇپخانىدا زادىلا ئۇچرىتالمىدىم. ئۆزۈمنى خېلى زورلاپ باقسامۇ زېھنىمنى قولۇمدىكى كىتابقا يىغالمايتتىم، كۆزلىرىم ئىختىيارىمدا ئەمەس ئىدى.

— باياتىندىن بېرى شۇنچە قارايسىزيۇ، ئىشارەت قىلسام ئىنكاسىڭىز يوق، — دېدى بىرى پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتسام دۈمبەمگە سىلىق مۇشتلاپ، — كۇتۇپخانىغا كىتاب ئوقۇغىلى كىردىڭىزمۇ ياكى كۆزلىرىڭىزنىڭ ئاچچىقىنى چىقارغىلى؟

چۆچۈپ قارىسام ساۋاقدىشىم ئايجامال ئىكەن.

— كەچۈرۈڭ، — دېدىم مەن ئوڭايسىزلانغان هالدا، — ئۇدۇللا قېشىمغا كېلىۋەرمەي.

ئايجامال شۇئان كېلىپ مېنى قولتۇقلىۋالدى.

— ئەمدى بولدىمۇ؟

مەن ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدىم.

— بايا سىنىپقا چىقسام باللارنىڭ بىرىمۇ يوق تۇرىدۇ، بۈگۈن ياتاقتىكىلەرنىڭ ئۇۋسى بۇزۇلدىمۇ قانداق؟ بىرەرىنىڭمۇ قارىسى كۆرۈنمەيدىغۇتاڭ. ئىچىم پۇشۇپ كۇتۇپخانىغا كىرسەم، سىز خۇددى كۇتۇپخانىنىڭ ياللانما كۆزەتچىسىدەك ئۇياقتا - بۇياقتا قاراپ ئولتۇرۇپسىز.

بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ يۈرەتتىم، مۇشۇ باهانىدە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋالاي دەپ ئويلىدىم.

— ياتىقىڭىزدىكىلەرنى چاقىرسىڭىز ئايلىنىپ كەلمەمدۇق؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — هېلىقى كۈندىكى يەڭگىلتەكلىكىم ئۈچۈن گۇۋاهچىلار ئالدىدا سىزدىن ئەپۇ سورىۋالاي دەيمەن.

— باياتىندىن بېرى قىلغان سۆزۈمنى نەگە ئاڭلىدىڭىز؟ — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ، — بۈگۈن ياتاقتىكىلەر يوق دېدىمغۇ، مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭمۇ تازا ئىچىم پۇشۇپ تۇرغاچ گەپنىڭ پوسكاللىسىنىلا دېدىم.

— ئايجامال، ئەگەر باشقىچە ئويلاپ قالمىسىڭىز، ئاز - تولا بىر نەرسە يېگەچ پاراڭلاشساق دەيمەن.

بىز مەكتەپ سىرتىغا قاراپ ماڭدۇق، تۇيۇقسىز ئايجامالنىڭ چاقىرغۇسى سايراپ كەتتى.

— بىزنىڭ فاكۇلتېتتىكى دىلدار ئىكەن، — دېدى ئۇ چاقىرغۇسىغا سىنچىلاپ قاراپ، — سىزمۇ باشقىچە ئويلىنىپ قالمىسىڭىز، بۇگۈن سىزگە ئىككى سەتەڭ ھەمراھ بولسا قانداق؟

— باش ئۇستىگە، — دەۋەتتىم مەن ئۇنىڭ پەقەت مۇشۇ سوئالىنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك، — ئەنە ئاۋۇ دۇكاندا تېلېفون باردەك قىلامدۇ نېمە؟ مەن سىلەرنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇراي.

گەپنى ئالدىراپ قىلىۋەتكىنىم بىلەن ئەمدىلىكتە تەمتىرەپ قېلىۋاتاتتىم. فاكۇلتېت بويىچە ئاشۇ دىلداردىن بۆلەك باشقا دىلدار ئىسىملىك قىزنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئالىلبۇرۇن ئىگىلەپ بولغان مەندەك بىر ئاشىق رازۋېدكىچى ئۇچۇن بۇگۈنكى بۇ پۇرسەت تولىمۇ تۇيۇقسىز ئىدى…

ئازلا ئۆتمەي دۇكان ئىشىكىدىن ئىككى قىز كۈلۈشكىنىچە چىقىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ بىرى ھەقىقەتەن دىلدار ئىدى.

— بۇ دىلدارنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا قىسىلىۋېلىش ھىيلىسى، — دېدى ئايجامال قەستەن دىلدارنىڭ چىشىغا تېگىپ، — بولمىسا بىز دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ماڭا چاقىرغۇ قىلامتى؟ چىدىمىغان گەپ! ئىشىنىمەنكى ئۇ ئالىلبۇرۇن بىزنىڭ كەينىمىزگە چۈشكەن.

— باشقىلار ئالدىدا مېنى تولا خىجىل قىلماڭ، ئايجامال، — دېدى دىلدار پەس ئاۋازدا، — بولمىسا كىرىپ كېتىمەن.

— ئۇنداق دېمەڭ، دىلدار، ئاران بىر قېتىم ئۇچراشقاندا…

ئالدىراپ دەپ سالغان سۆزۈم ئۇچۇن پېشانىلىرىمدىن تەر چىقىپ كەتتى. ئايجامال ماڭا «لاپپىدە» بىر قاراۋەتكەندىن كېيىن سىرلىق كۈلدى.

— ھە، ئەسلىدە ئۇچرىشالماي يۈرگەنلەرنى بىلمەي يۈرۈپ-

تۇق ـ دە بىز، بولدى، بولدى، تالاشمايلى، قېنى، يىگىت، بىزنى باشلاڭ.

مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە بۈگۈنكىدەك مۇنداق كۆتۈلمىگەن ئۇچرىششىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ باقمىغانىكەنمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايدەك چىرايلىق بىر جۈپ قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېرىلىپ مېڭىشنىڭ لەززىتىنى بىر دېمەڭ. شۇ پەيتتە مەن ئۆزۈمنى خۇددى ھىندىستان فىلىملىرىدە رول ئېلىۋاتقان چولپاندەك خۇشال، ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشاتتىم...

## 3

تۇيۇقسىز مەكتىپىمىزنىڭ رېشاتكىلىق چوڭ دەرۋازىسى غارىلداپ ئېچىلىش بىلەن تەڭ، ئاچقۇچلىرى ئاللىبۇرۇن يىتۈپ، ئۆز رولىنى يوقاتقان ھېلىقى بىر توپ رەڭگارەڭ، چوڭ ـ كىچىك قۇلۇپلار ئۆزۈن زەنجىرلىرى بىلەن تەڭلا بىر ـ بىرىگە، تۆمۈر رېشاتكىلارغا قالايمىقان ئۇرۇلۇپ خىيالىمنى بۇزدى.

«بۈگۈن يەنە ماڭا ئارام يوق ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

ئازلا ئۆتمەي ياتاقدىشىم ئەكبەر ئىشىكنى ئىتتىرىپلا كىردى ـ دە، ماڭا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى.

— ئۆزۈمگە لەنەت، دوستۇم، قېنى مەندىكى ھېلىقى غايە، قېنى مەندىكى ئارزۇ، ئۆزۈم خالاپ بۇ يەرگە تەقسىم قىلىنىپ نېمە قىلالىدىم؟ ئوقۇش سۈپىتىدە قانچىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالىدىم، ئۆزۈمگە ئىشىنىپ كېتىپ مانا ئەمدىلىكتە سۆيگەن قىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم.

ئۇنى ئاستا يۆلەپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم، ئۇ يەنىلا بايىقى چۈشىنىكسىز گەپلەرنى تەكرارلايتتى. مەن ئۇنىڭغا زورلاپ يۇرۇپ بىر ئىستاكان ئىسسىق چاي ئىچۈردۈم، ئاز ـ تولا

ئەسلىگە كەلگەن ئەكبەر چاپىنىنى سېلىپ تاشلىدى ۋە كارىۋات ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرىپ بىر بوتۇلكا هاراقنى ئېلىپ ئۈستەلگە توكلا قويدى.

— قېنى، بۇرادەر، بۈگۈنكى بۇ ئولتۇرۇشنى ئىككى پىدا-ئىينىڭ سۆھبىتى دەپ چۈشەن! سەن شەھەرلىك مائارىپ ئىدارى-سى تەرىپىدىن رويخەتكە ئېلىنغان پىدائىي، مەن بولسام ئۆنتۇل-غان، سۆيگىنى تاشلىۋەتكەن پىدائىي.

ئۇ ئالدى بىلەن يېرىم ئىستاكان هاراقنى «گۇپلا» ئىچىۋەت-كەندىن كېيىن، ماڭىمۇ ئوخشاش قۇيۇپ تەڭلىدى، ئۇنىڭ قول-نى ياندۇرۇشقا ئامالسىز ئىدىم. شۇنىڭغا ھەيران ئىدىمكى، بايىقى مەست ئەكبەر مىنۇت ئۆتمەيلا ھېلىقى ئىچى كۈچلۈك ئەكبەرگە ئايلىنىپ بولغانىدى.

— سېنىڭ ئەھۋالىڭنىمۇ ئاڭلىدىم، دوستۇم، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى بولۇپ مەي-دەمگە گۈل تاقىغانمەن، مەكتەپ پۈتتۈرگەندە بازىرىمىمۇ خېلى چىققان، لېكىن ئوقۇتقۇچى بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئېتىقاد مېنى ئاخىر مۇشۇ يەرگە سۆرەپ كەلدى.

ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى كۈچەپ شورىغاندىن كېيىن ھېكا-يىسىنى باشلىدى:

— يۈرىكىم قېقىلىپ كەتتى، دوستۇم، ئىشقىلىپ بۈگۈن ساڭا كۆڭلۈمدىكى ھەممىنى سۆزلەيمەن، — ئۇ ئىستاكاندىكى مۇزلاپ قالغان چايدىن ئوتلىدى، — بىز ئالىي مەكتەپ پراكتىد-كىسىنى دەل مۇشۇ يېزىدا قىلغانىدۇق. بىلىسەن، دوستۇم، ئادەم ئەنە شۇنداق ۋاقىتلاردا شۇنداق ئىرادىلىك، شۇنداق روماذ-تىك بولۇپ كېتىدىكەن. مەن پراكتىكا جەريانىدا بۇ يېزىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى ھەققىدە خېلى ئىزدىنىپ كۆردۈم، ئىزدى-گەنسېرى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھېس قىلدىم، ئۇلارنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، شۇنىڭدىن

باشلاپ ئىچىمگە بىر ئوت كىرىۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىكىمە-
دىن تېپىۋالغان رېماتىزم كېسىلىممۇ بۇ يۇرتقا كېلە - كەلمەيلا
مېنى تاشلىدى، خۇددى مەن مۇشۇ دىيار ئۈچۈن يارالغاندەك،
ئۇ چاغلاردىكى ھېسسىياتىمنى ھازىرمۇ خاتا دەپ ئىنكار قىلماي-
مەن. ئەگەر بىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىسمەن-
لىرىدە بولسىمۇ مەندىكى بۇ روھ بولسا ئىدى ئەھۋال بۇنچىلىك
بولۇپ كەتمەس بولغىيتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچ - پەش تارتىشىپ
قالغان قىز دوستۇممۇ مەندىن بىر يىل بۇرۇن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ
ئۆز يۇرتىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە، يەنى مۇشۇ مەكتەپكە تەقسىم
قىلىنغانىدى.

مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى سورىسام بولامدۇ؟

— ئەمدىلىكتە ئۇنى سوراشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى، —
دېدى ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا، — دەپ بەرگىنىم بىلەن ئۇنى
تونۇشۇڭ ناتايىن، چۈنكى ئۇ ئۆز ۋاقتىدىلا كەسپىنى ئۆزگەرتى-
ۋەتكەن.

مەن جىمىپ قالدىم.

— ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى مۇشۇ يۇرتتا ئەمەلگە ئاشۇرىمەن
دەپ رەھبەرلىكنى، بەختىم سىزدە دەپ قىز دوستۇمنى خۇشال
قىلغىنىم بىلەن، ئاتا - ئانامنى خاپا قىلغانمۇ بولدۇم، لېكىن
دادامنىڭ «بېرىپ ئىشلەپ كۆرمىسۇنمۇ؟ كۆنەلمىسە ماڭا پۇرى-
تىپلا قويسا بولدى» دېگەن سۆزى بىلەن ئاجايىپ گۈزەل
ئارزۇ - ئارمانلارنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، بۇ مەكتەپنىڭ دەرۋازى-
سىدىنمۇ كىرگەن بولدۇم، لېكىن ئۆيدىكى ھېساب بازارغا ماس
كەلمەپتۇ دېگەندەك ئۆزۈڭ كۆرۈۋاتىسەن، مەن ھازىر قايسى
پەننىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىكىمنى، ئالىي مەكتەپتە ئۆزۈمنىڭ
نېمە كەسىپ ئۆگەنگەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالايلا دېدىم، شۇنداقتىمۇ
ئىزدەندىم، تىرىشتىم، مەيلى قايسى پەندىكى دەرس تەقسىم قى-

لىنسۇن ھۆددىسىدىن چىقتىملا ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن ئو-
قۇغۇچىلىرىمغا يۈز كېلەلىدىم. ئورۇنلۇق پىكىر - تەكلىپلىرىم
مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا بېسىلىپ ياتقان بىلەن گېزىت - ژۇر-
ناللاردا دەرىجىگە ئېرىشىۋاتىدۇ. كونىلار «يالغۇز ئاتنىڭ دېڭى
چىقماس» دەپ راست ئېيتىپتىكەن، ئەمەلىيىتىم ئارقىلىق بىر-
نەچچە سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتەلىگىنىم بىلەن
ئوقۇتقۇچىلارغىچۇ؟ بولۇپمۇ ئەتراپىمدىكى ياش ئوقۇتقۇچىلار نېمە
قىلىۋاتىدۇ؟

ئەكبەرگە ھۆرمەت بىلەن تىكىلدىم، چۈنكى ئۇ ئۆزىدىن
بېرى ئىچىمدە ئويلاپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى دەۋاتاتتى، كىم-
لەرگىدۇر ئاچچىق - ئاچچىق كىنايە قىلىۋاتاتتى ...

ئۇ ئىستاكاندىكى هاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى ۋە بېشىنى
ئەلەم بىلەن بىر پەس چايقىدى.

مەن ئۇنىڭغا يەنىلا ئۇن - تىنسىز ئۇلپەت بولۇشنى
خالىدىم.

— بۇغۇ پەقەت بىر ئادەمنىڭلا ئىشى ئەمەس، مېنىڭچە
بۇنىڭغا يەنە بىر مەزگىللىك جەريان كېرەك، لېكىن ماڭا ھەممى-
دىن ئېغىر كەلگىنى قىز دوستۇمنىڭ ۋاپاسىزلىقى! مەن ئۇنى
مېنى چۈشىنىدىغۇ، مېنى قوللايدىغۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەس-
لىي مېنىڭ قىلغانلىرىم ئۇنىڭ پەخىرلىنىشىگە ئەرزىيتتى. مەن
ئۇنى مۇشۇ يۇرتتىكى بىردىنبىر مۇڭدىشىم، يۆلەنچۈكۈم دەپ
ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم، ئەمدىلىكتە ئۇ بۈگۈن مانا باشقىلار-
نىڭ ئاشىنىسى بولۇپ چىقتى!

مەن ئۇنىڭ ئاخىرقى بايانلىرىدىن تولغىنىپ كەتتىم...

ئەكبەر خېلى ئۆزۈن يىغلىغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا
ئۇيقۇغا كەتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ قاتتىق ئۇھ تارتىپ قوياتتى.
ئەكبەرنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ خېلى ۋاقىتلارغىچە كۆزۈمگە ئۇي-
قۇ كەلمىدى، قاچانلاردىدۇر ئۇخلاپ قاپتىمەن، چۈشۈمدە ئەكبەر

ئىككىمىز ھەدەپ بىر پارچە مۇزنى تالىشىپ غاجىلاۋاتقۇدەكمىز، ئۇسسۇزلۇقۇم ھېچ قاناي دېمىگۇدەك ...

## 4

ئەكبەرمۇ ئاز ئۆتمەي يۆتكىلىپ كەتتى. ئۇ ھېلىقى كۇنى ئۆزى دېگەندەك بۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇتۇش سۇپىتىدە كۆزگە كۆرۈنگۇدەك ھېچقانچە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمىسىمۇ، لېكىن مېنىڭچە مەكتەپتىكىلەرگە، تونۇش ـ بىلىشلىرىگە خېلىلا ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى دەپ قارايتتىم. ئەپسۇس، ئۇ كەتكەندىن كېيىن مەكتەپتە ئۇنىڭ چىقىشقاق مىجەزى، گەپدان، خۇشخۇيلۇقى، ھاراقتا تولىمۇ كۆتۈرۈشلۈك ئىكەنلىكىنى ئەسلەيدىغانلار كۆپ ئىدىكى، ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى، كەسىپ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى تىلغا ئالىدىغانلار ساناقلىقلا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن تۇيۇقسىز يۆتكىلىپ كېتىشىدىكى سىرنى بولسا ئۇلار ئەسلا چۈشەنمەيتتى...

— مەن تونۇگۇن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ كەلدىم، — دېگەنىدى ئۇ مېڭىشتىن بىرنەچچە كۇن ئىلگىرى ئېغىر خورسىنىپ، — ئۇنىڭغا شۇنچە يىللىق مۇھەببىتىمىزنىڭ ياق، يەنىلا شۇنچە يىلنىڭ دەۋرەي، شۇنچە يىلنىڭ يۈزىنى دەپ بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرقى ئادەمگەرچىلىكنى يەتكۈزمىسەم بولامدۇ دەيسەن؟ لېكىن ئىككى تەستەك ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئاز كەتتى، ئىسىت! ئىشەنسەڭ مەن ئۆزۈمنى پەقەتلا تۇتالماي قالدىم.»

ئۇ كەتكەندىن بۇيان مەن ياتاقنىڭ بىردىنبىر يالغۇز خوجايىنىغا ئايلاندىم، قاپىقىمغا قاراپ ھېلىقى كېچە نوچىلىرىمۇ ئاسان كىرمەس بولۇپ قالدى. يېقىندىن بۇيان مەنمۇ ئەكبەرگە ئوخشاش ھېلىقىنىڭدىن بىرنەچچە بوتۇلكىنى كارىۋىتىم ئاستىدا ساقلاپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. مەكتەپتە چۈشلۈك تاماقنى

ئەتسە ئەتتى، بولمىسا بىرەر ئوقۇتقۇچىنىڭ موتسىكلىتىنى ياكى بولمىسا بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ ۋېلىسىپىتىنى سورىۋالىمەن ـ دە، يېزا بازىرىغا قاراپ چاپىمەن. كەچتە بولسا ئالىي مەكتەپتە ئىشلەتكەن تاماق قاچامغا تەييار چۆپتىن بىرنى سالىمەن، ئۈستىگە قايناق سۇنى قۇيىمەن ـ دە، قاتتىق تاشلىق كىتابتىن بىرنى ئۈستىگە ياپىمەن، كەچلىك تاماق دېگەن ئەنە شۇ. ئاندىن كېيىن ئەتىكى دەرس تەييارلىقلىرىنى بىرەر قۇر تۈگىتىپ خۇشلۇقۇم تۇتۇپ قالسا كارىۋاتنىڭ ئاستىغا قاراپ ئۆمىلەيمەن ياكى بولمىسا كىتابتىن بىرنى ئالىمەن ـ دە، كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلايمەن، لېكىن مۇشۇ كۈنلــەردە ماڭا يەنــــلا خىيــال ئەڭ ياخــشــى ھەمراھ ...

* *

ئاشخانىنىڭ ئايرىم بۆلمىسىگە كىرىپ بۇيرۇتىدىغاننى بۇيـرۇتۇپ، گېپىمىزنى ئەمدىلا باشلاپ تۇرۇشىمىزغا ئايجامالنىڭ چاقىرغۇسى يەنە سايراپ كەتتى.

— مېنى جىددەڭ ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئايجامال ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، — تېلېفون قايتۇرۇۋېتىپلا كىرىمەن.

ئەمدىلىكتە بۆلمىدە پەقەت ئىككىمىزلا قالغاندۇق. مەن ئامال بار ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئەركىن، گەپدان قىلىپ كۆرـسىتىشكە تىرىشاتتىم.

— يېقىندىن بۇيان كۇتۇپخانىدا قارىڭىزمۇ كۆرۈنمەيدۇ، تاپشۇرۇق بېسىۋالدىمۇ نېمە سىزنى؟ — دەپ سورىدىم مەن چاپىـنىمنى ئاسقۇغا ئىلغاچ، — بەكمۇ كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭىز.

— سىزنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىڭىزنى قوزغىغۇدەك قىزلار تولىغۇ مەكتەپتە، — دېدى دىلدار بىر تال چىش كولىغۇچنى ئېلىپ ئۈستەلدىكى شامنى پەرلىگەچ ...

— بۇ سىزنىڭ...

مەن ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردۇم ۋە ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىم بىلەن تىكىلدىم. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلىرى شام يورۇقىدا كىشىگە ئاجايىپ سىر-ھىرلىك بىر تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى، ئائخىچە ئايجامالمۇ كىرىپ كەلدى.

— يەنە شۇ بىزنىڭ يىگىت بولمامدۇ، — دېدى ئايجامال قاشلىرىنى يىمىرىپ، — سىلەردىن رۇخسەتسىز ئۇنىمۇ مۇشۇ يەرگىلا كەل دەپ قويدۇم، رەنجىمەيدىغانسىلەر؟

ئايجامال باشتا دىلدارغا، ئاندىن ماڭا قارىدى.

— بەك ياخشى بوپتۇ، قارشى ئالىمىز، لېكىن ئايرىلىپ كەتتۇق دېگەندەك قىلىۋاتقانتىڭىز، قاچاندىن بېرى يەنە...

— ئادەم قېرىغانسېرى مانا مۇشۇنداق تىكىشى توختىمايدى-غان بولۇپ قالىدىكەن، — دېدى ئايجامال گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ، — ۋاقتى كەلگەندە سىلەرنىمۇ كۆرىمىز.

ئايجامال ماڭا قاراپ كۆزىنى قىستى، دىلدار يا كۈلۈشنى، يا ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىشنى بىلەلمەي، ئاخىرىدا كۈلۈپ تاشلىدى.

— ئۇنداق بولسا خەۋەرچىلىك ۋەزىپەم يەنە ئەسلىگە كەپتۇ - دە، — دېدىم مەنمۇ ئايجامالغا ئۆتكەنلەرنى ئەسلىتىپ.

شۇنداق قىلىپ ئەخمەت بىلەن ھە - ھۇ دېگۈچە بىر بوتۇلكا ھاراقنى بىكارلاپ قويغىلى تۇردۇق. ئەخمەتنىڭ زورلىشى بىلەن قىزلارمۇ سورۇننىڭ ياراشقىنىغا قىزىلگۈل ھارىقىدىن «بىزگە ئەمدى بولدى - ھە، بولمىسا...» دەپ تۇرۇپمۇ بىرنەچچە قەدەھ-نى ئارتۇق كۆتۈرگەن بولدى.

ئەخمەت بىر رومكا ھاراقنى قولىغا ئېلىپ، يۈرىكىدە ئوتى بار ستۇدېنتلار ئۇچۇن ئاللىبۇرۇن ياد بولۇپ كەتكەن قايسىبىر شائىرنىڭ شېئىرىنى ئايجامالغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ھېسسىيات بىلەن باشلىدى...

دەردتە قالدىم كۆزىدە ياش، ئاقتى دەريا نىلچىلىك،
سەپمۇ سالمايسەن ئەجەب ھالىمگە ئەپسۇس قىلچىلىك.
سەن يۈرەكنى قىپ ئەسىر، كەتتىڭغۇ كۆزدىن ئاھ! يىتىپ ...
ئۆتتى سەنسىز ھەر دەقىق گويا ئون مىڭ يىلچىلىك.
......

......
سەن ۋاپانىڭ ئەكسى قىلدىڭمۇ سۆيگۈ سوۋغىسى؟
شۇمۇ ئەجرىڭ؟ بولدى بەس! ئەركىمگە ئەۋزەل مەستچىلىك.
......

ئەخمەت رومكىدىكى ھاراقنى «گۈپلا» قىلىپ ئىچىۋەتتى. ھەممىمىزنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. تولا كۈلۈپ دىل-دارنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەنىدى.

ئايجامال بولسا ئەخمەتنى ھە دەپ دەيدەيگە سالاتتى، ئەخمەت ئىككىنچى پارچە شېئىرنى ماڭا ۋاكالىتەن دىلدارغا قاراپ ئوقۇدى.

بۇ يۈرەك بىتاب ئەمەس بىلگىنكى ساپساق دىلبىرىم.
مەن پەقەت ۋەسلىڭگە زار! كىمكەن بۇدۇشقاق دىلبىرىم؟
كۆزدە ياش، سايەڭ سۈپەت يۈرسەم، گىدەيسەڭ بىنەزەر...
ھاردۇقۇڭ چىققايمۇ ئاھ! قەستىڭمۇ شۇنداق دىلبىرىم؟

مەنمۇ بوش كەلمىدىم ـ دە، ئۇنىڭ قولىدىكى قەدەھنى دەرھال تارتىۋېلىپ، شېئىرنى داۋاملاشتۇردۇم.

كىم رەقىب؟ تەييار پېقىر! ئۆلسەم دىلىڭغا كۆم مېنى،
كۆزگە ياش ئالدىڭغۇ ۋاھ! قىلدىمغۇ چاقچاق دىلبىرىم.

ئايجامال «يارايسىز» دېگىنىچە چاۋاك چېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئەخمەت بولسا ماڭا قاراپ گۈلەيدى.

— پېقىردەك بۈيۈك شائىرنىڭ پاساھەتلىك شېئىرلىرىنى نەلەردە يۈرۈپ يادلىۋالدىڭ؟

— مېنى كەچۈرگەيلا، ئالدىلىرىدا ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويدۇم، — دېدىم مەن ئىككى قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — بۇ شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاشۇ ئىككى مىسراسىنى سىلىگە قارىغاندا يەنىلا مەن ئوقۇسام تۈزۈك دەپ ئويلىدىم، بولمىسا ئايجامالنىڭ تەستىكى …

— بوش كەلمـــــدىڭىز، — دەۋەتـتـى ئايـجامال چاۋاك چېلىپ، — سۆزىڭىزدىن ئەخمەت سەگىدى، دىلدارنىڭ كۆڭلىگە جىن چۈشتى.

مەن دىلدارغا قارىدىم. ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىۋالغانىدى…

ئەمدىلىكتە بۆلمىدە دىلدار بىلەن ئىككىمىزلا قالغانىدۇق. «ھازىرلا كىرىمىز» دەپ چىقىپ كەتكەن ھېلىقى بىر جۈپ ھېچ كىرەي دېمەيتتى.

— ھە، دەپ بەرسەم بايا ئۇچىڭلار بىر بولۇۋېلىپ مېنى گەپتە تازا چېقىۋالدىڭلار ـ ھە، — دېدى دىلدار سۇس كۈلۈمسى-رەپ، — لېكىن مەن بۈگۈن تولىمۇ خۇشال.

— قارىغاندا يېقىندىن بۇيان كۆڭلىڭىزنىڭ تازا ئارامى يوق ئوخشىمامدۇ؟

دىلدار سۆزۈمنى ئاڭلاپ بىر پەس جىمىپ كەتتى.

— سوئاللىرىم ئارتۇق كەتمىگەندۇر؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، — ئۇ كۆزىنى مەندىن قاچۇردى، — سىزگە دېيىشكە ھېچ پېتىنالماي كېلىۋاتقان، لېكىن دېمىسەم زادىلا بولمايدىغان بىر گەپ بار ئىدى، — ئۇ شۇ ئارىلىقتا ماڭا ئەيمىنىپرەك يۈزلەندى، — مېنىڭچە بۈگۈنكىدەك پۇرسەتلەرنىڭ بىزگە يەنە كېلىشى ناتايىن.

مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا تىكىلدىم، ئۇ كۆزىنى دەر-
ھال مەندىن قاچۇردى.

— مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈن-
كى مۇشۇ كۈنلەردە مەن ئۆزۈمنى سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز بىلەن
ئوينىشىۋاتقاندەكلا ھېس قىلىۋاتىمەن، ئەمەلىيەتتە سىز مېنىڭ
يۈرگىنىمگە تولىمۇ ئوخشايسىز.

مەن كۈتۈلمىگەن بۇ سۆزلەردىن گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتىم،
ئۇ غەمكىن ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇ بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى ئەتكەس مال سودى-
سىغا چېتىلىپ قېلىپ تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى، يېقىندا گۇناھسىز
دەپ ئاقلىنىپ قويۇپ بېرىلدى، سىزگە بۇ ئەھۋاللارنى ئېيتىپ
يۈرۈشكە يۈزۈم پەقەتلا چىدىمىدى.

مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قېلىۋاتاتتىم، ئىچكەن ھاراق-
لارنىڭ كەيپى نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتكەنىدى، مەن ھەر ھالدا
ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، شۇنداقتىمۇ ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، يۈرىكىم
ئاغرىيتتى، تويۇقسىزلا ھەممىدىن قۇرۇق قالغان بىچارە يېتىم-
دەك ئۆزۈمنى تولىمۇ يالغۇز ھېس قىلاتتىم، ھېلىمۇ كۆڭۈل-
نىڭ، ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇنىڭغا كاندەك چاپلىشىپ،
سەتلىشىپ يۈرمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى يەنىلا ئاز - تولا
يېنىك ھېس قىلاتتىم.

— ئەمەلىيەتتە مەنمۇ شۇ ... سىزنى شۇ ... سىڭلىمدەكلا
كۆرۈپ، — تىللىرىم كالۋالىشاتتى، — بايىقى چاقچاقلارنى ھەر-
گىز كۆڭلىڭىزگە ئالماسسىز.

ئۇ ماڭا «لاپپىدە» تىكىلدى.

— ياق، ئۇ ئىشلار مەن ئۈچۈن گۈزەل بىر ئەسلىمە.

مەكتەپكە قايتىپ كەلگۈچە بۇ يول ماڭا شۇنچە ئۇزۇن،
شۇنچىمۇ ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتى...

## 5

شۇ كۈنلەرنى ئەسلىسەم ئۆزۈمگە بىر تۈرۈپ كۈلگۈم كېلە-
دۇ، بىر تۈرۈپ ئاچچىقىم كېلىدۇ. شۇ ئاخشىمى دىلدار بىلەن
مەكتەپكە قايتىپ كېلىۋېتىپ بەكمۇ ئازابلاندىم، ھېسسىيات جە-
ھەتتىكى مەغلۇبىيىتىم يۈرىكىمنى سىقاتتى، ئۇنىڭ تۈرۈپ -
تۈرۈپ ئېغــىــر تىنــشــلىرىدىن مېڭــىــلىرىم گاراڭلىشىپ
كەتكەندى.

— نېمىلا دېگەنبىلەن مۇشۇ كۈنلەردە پەقەت سىزلا ئۇنىڭغا
ئەڭ چوڭ روھى تەسەللى، — دېگەندىم مەن ئۇنىڭغا ياسالما
تەسەللى بىلەن، — بۇمۇ بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا مۇھەببىتىڭلار
ئۈچۈن ياخشى بىر سىناق.

— شۇ ۋاقىتلاردا تارتقان ئازابلىرىم يۈرىكىمنى لەختە -
لەختە قىلىۋەتتى، — دېدى ئۇ يىراقلارغا تىكىلىپ، — ئەڭ
يېقىن كىشىسى تۇيۇقسىزلا جىنايەتچى بولۇپ چىقسا، بىر قىز
ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەلەم بولماس، ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنگە-
ندىم، يىغلاپ - قاقشىغاندىم، لېكىن ئەمدى بۇ ئىشلارغا نېمە
دېگۈلۈك؟

— ئۇ بىچارىدىمۇ نېمە گۇناھ، — دېدىم مەن بايىقى تەلەپپۇز
بىلەن، — يەنە باشقىدىن باشلىساڭلار بولىدىغۇ؟

ئۇ لام - جىم دېمىدى، لېكىن مەن زادى كىمدىن ئاغرىنىش-
نى بىلەلمەيتتىم، چۈنكى قىز - يىگىتلەر ئارا تونۇشۇش، ئارد-
لىشىش، سىردىشىش دېگەن نورمال ئىش. ئاللا ئىگەم كۆز
دېگەننى كۆرەرمىكىن، قارامدىكىن، تىكىلەمدىكىن، نەزەر تاش-
لامدىكىن، يۇمامدىكىن، قىسامدىكىن دەپ ياراتمىسا، ئۇنىڭ تام
تۆشۈكىدىن نېمە پەرقى بولسۇن؟ ئەمەلىيەتتە دىلدار ماڭا شۇنداق-
لا قاراپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن «گۇرۇچتىن خەۋەر
يوق، سەۋزە دەم يەپتۇ» دېگەندەك ئۇنى مەن مېھىرلىك قارىدى،

سىرلىق قارىدى دەپ يۈرگەندىكىن ئۆزۈمگىمۇ ئاز، ئاغرىنىش توغرا كەلسە ئۆزۈمدىن ئاغرىنىشىم كېرەك. ئادەم دېگەن ياشلىق- تا ھەۋەسنىڭ، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ھەر ئىشلارنى كۆرى- دىكەن، كۈلىدىكەن، يىغلايدىكەن، ئىشقىلىپ، ھېسسىياتنىڭ چېكتى يوق ئىكەن.

ئۆزۈمگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەسەللى بېرەتتىم، ئۇنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايتتىم.

شۇنداق قىلىپ مەن بۇ فىلىمدىكى رولنى ئەنە شۇنداق كومېدىيىلەر بىلەن ئارانلا تاماملىدىم...

*　　　*

ھاۋا كۈندىن - كۈنگە سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى. مەكتەپكە كۆ- مۈر كەلگۈچە يوتقانغا چىڭ يۆركىنىۋالسام تۈننىمۇ تاڭغا بىر ئامال قىلىپ ئۆلتغىلى بولار، لېكىن دەرس ۋاقتىدا دۈگدىيىپ، مىشىلداپ، تالا - تۈزگە چىققاندا تىترەپ يۈرسەم ئۆزۈمگىمۇ سەت، دېگەن خىيال بىلەن قايتمىغىلى خېلى ۋاقىتلار بولغان ئۆيگە قايتتىم.

— كۆرۈۋاتامسەن، بالام، بىزمۇ ياشىنىپ قالدۇق، — دېدى ئاپام تاماقتىن كېيىن گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە سىڭلىڭمۇ بويىغا يېتىپ قالدى، داداڭ ئىككىمىز ئاغرى- نىلىرىڭ ئارقىلىق ساڭا خېلى گەپ ئەۋەتسەكمۇ جاۋابىڭنىڭ ھېچ تايىنى يوق، بۈگۈن كۆڭلۈڭدىكىنى بىلىپ باقسام دەيمەن.

تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا ئاپام مەندىن بۈگۈن ھەقىقىي بىر جاۋاب ئالمىغۇچە بولدى قىلمايدىغاندەك قىلاتتى.

— ئەگەر سىڭلىمنىڭ ئىشى مۈقىملىشىپ قالغان بولسا، ماڭا قاراپ كەتمىسەڭلارمۇ بولىدۇ. باشقىچە پىكرىم يوق، — دېدىم مەن ئۇدۇللا.

ئاپامنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.
— توۋا دېگىنە، بالام، ھەممە ئىشنىڭ ئۆز نۆۋىتى بولىدۇ، راستىنىڭنى دېگىنە، تاپالمايۋاتامسەن ياكى تالالاپ بولالمايۋاتامسەن؟
مەن لام - جىم دېمىدىم. ئاپام ئىلگىرى بۇ ئىشنى خېلى پۇرىتىپ تۇراتتى، لېكىن يېقىندىن بۇيان ئوچۇق - ئاشكارىلا ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى.
— بولىدۇ، — دېدىم مەن ئاپامنى خاتىرجەم قىلىپ، — يېزىدىكى خىزمەت ۋەزىپە مۇددىتىم توشقاندىن كېيىن سىلەرنى يەنە سۆزلىتىپ يۈرمەيمەن.
ئاپام جاۋابىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.
— كېلىنچەككە قويىدىغان تەلىپىمىزمۇ ئانچە يۇقىرى ئەمەس، — دېدى ئاپام مېھرىبانلىق بىلەن، — توي دېگەن ئۆمۈر سودىسى، ھەر ھالدا ئويلىشىپ ئىش كۆرەرسەن.
ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلاشقىچە، ئۆزۈمدىن باشقىلار ئىزدەپ تاپالمايدىغان يەرگە تىقىپ قويغان، ناۋادا كۆرگۈم كەلسىمۇ، ئۆزۈمنى كۆرمەسكە خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان چەكلەپ كېلىۋاتقان ئالبومىمنى ئېلىۋالدىم، چۈنكى ئۇنىڭدا ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل چاغلارنىڭ يادنامىسى، بولۇپمۇ چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرگەن، كېيىنچە مېنى مەڭگۈلۈك داغدا قويۇپ، باشقىلار ئارقىلىق ئۆز بەختىنى تېپىۋالغان ھېلىقى ۋىجدانسىز رازىيەنىڭ سۈرىتى بار ئىدى...
ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ مۇشۇ باھانىدە ئۆز مەكتىپىمدىكى خىزمەتداش، دوست - بۇرادەرلەرنى يوقلاپ ئۆتەي دېدىم - دە، ئايرىلغىلى نەچچە ئايلار بولۇپ كەتكەن مەكتەپكە قاراپ يول ئالدىم. گەرچە مەن بۇ جەريانلاردا مەكتەپكە بىرەر قېتىممۇ كېلىپ باقمىغان بولساممۇ، لېكىن مەكتەپتىكىلەر ھەر ھالدا مېنى يوقلاپ، خەۋەردارلىقىمنى قىلىپ تۇراتتى.
مانا ئەمدىلىكتە مېنى كەپتۇ دەپ دەرسى يوق ياش ئوقۇتقۇ-

چىلار مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى ئىشخانىسىغا يىغىلدى.
— بۈگۈن چارشەنبە بولغاچقا دەرستىن كېيىن سىياسىي ئۆگىنىش دېگەن گەپ، ئۆزۈڭگىمۇ ئايان، بۇرادەر، ئاسمانغا ئاي چىقمىغۇچە يىغىن مەيدانىدىن ئايرىلىش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئىتتىپاق شۇجىمىز ئەسقەر گەپ ئارىلىقىدا تەكەللۇپ بىلەن، — بۈگۈن شەھەرگە ئاران كەلگىنىڭدە لايىقىدا داستىخانمۇ سالالمايدىغان ئوخشايمىز، لېكىن تازا ۋاقتىدا كەپسەن، خەۋىرىڭدە بارمىكىن، مەكتىپىمىزگە بىرنەچچە ياش ئوقۇتقۇچى تەقسىم قىلىندى، دېمەكچىمەنكى، پېقىرنىڭمۇ قوشۇنى خېلى زورىيىپ قالدى. يېڭىلارنى كۈتۈۋېلىش، يېشى ئېشىپ كەتكەن قېرى - چۈرىلەرنى سەپتىن چېكىندۈرۈش، شۇنداقلا يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىتتىپاق كومىتېتىمىز كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇشنى ئويلاشقانىدۇق، ساڭا خەۋىرىنى بەرگۈچە بىلگەندەك ئۆزۈڭلا كەپسەن. ۋاقتى كېلەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى، يەنى 31 - چېسلا.
— جايىدا ئويلاپسىلەر، — دېدىم مەن ئۆز نۆۋىتىدە، — مېنى ئۈنتۇپ قالدىمىكىن دەپ ئويلاپ يۈرسەم ھەر ھالدا ئېسىڭلاردا بار ئىكەنمەن. بىزنىڭ بۇ جانابىي شۇجىنىڭ مېنى قەستەن ماختاشلىرى، كۆزلىرىنى يانچۇقۇمدىن ئۈزەلمىگىنىگە قارىغاندا مۇددەتمۇ توشۇپ قالغان ئوخشايدۇ، بىچارىنى سورانقۇزۇپ يۈرمەي، مانا، ئالە بەدەل پۇلۇڭنى.
كۈلكە - چاقچاق بىلەن ۋاقىتمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. مەن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا خوشلاشتىم، ئۇلار مېنى دەرۋازىغىچە ئۈزىتىپ قويدى.

## 6

يېڭى يىلنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم، ئويلاپ باقسام مەن رازىيەدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى

يېڭى يىللارنى پەقەتلا خۇشال ئۆتكۈزۈپ باقماپتىمەن. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىدە بولسا، يېڭى يىل ئاخشىمىدەك ئۇستىلىمگە بىر تال قىزىل ئالمىنى قويۇپ، ئالبوم ۋاراقلاپ، ھەسرىتىمنى ئالمىغا سۆزلەپ، قاچانلاردا مەست بولۇپ، قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى بىلمەيلا قالاتتىم.

فاكۇلتېتتا قېلىش ئېھتىماللىقىمنىڭ ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالغانلىقىنى فاكۇلتېت مۇدىرىمىزنىڭ ئىشىك يوچۇقىدىن ئاڭلاپ، چىرايلىق كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەن رازىيە ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، «چوپچوڭ بىر فاكۇلتېت مۇدىرى ئۇنداق دېگەندىن كېيىن يەنىلا ئۈمىد بار» دەپ مېنى ھەر ھالدا خاتىرجەم ئۆزىتىپ قالغانىدى.

«ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، — دەپ ئاخىرلاشتۇراتتى ئۇ ماڭا يازغان خەتلىرىنى، — شۇنداقلا مېنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، يېقىندىن بۇيان ئىشىڭىز توغرىسىدا فاكۇلتېت بىلەن ئالاقىلەشتىڭىزمۇ؟ ئۇلار يەنە نېمە دەيدۇ؟ ۋاقىت بەك ئۇزىراپ كەتمىسە ياخشى بولاتتى. ئەگەر زادىلا ئۈمىد قالمىسا ماڭا جىددىي خەت يېزىۋېتىڭ، پەقەت سىز بىلەنلا بىرگە بولسام، ئۆيدىكىلەرنى چوقۇم قايىل قىلالايمەن.

لېكىن ئارىلىقتىن ئاز ئۆتمەيلا ھەممە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تەقسىمات ئىشىمىنىڭ نەتىجىسىمۇ چىقتى. بىر مەزگىل ئۇنىڭ قولىدىن بۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئاخىر خېرىدارسىز قالغان بىچارە ئارخىپىم كېچىكىپ بولسىمۇ ئاخىر قايتىپ كېلىپ ئۆز جايىنى تاپتى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇشتىن ئىبارەت گۈزەل ئارزۇلىرىم يوققا چىققانىدى، ھەقىقىي ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈشتىن بولسا رايىم قايتىپ ھەممىنى پېشانەمدىن كۆردۈم، لېكىن مېنىڭ ئۇرۇمچىدە خىزمەت قىلىشىم مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن بىردىنبىر شەرتتەك، بۇ ئەھۋاللاردىن رازىيەنى ۋاقىپلاندۇرۇشقا ئامالسىز ئىدىم. كاللام زىددىيەتكە تولۇپ، ئۇنىسىز ئاھ

ئۇراتتىم. مۇشۇ ئىش سەۋەبى بىلەن رازىيەدىنمۇ ئايرىلىپ قالسام نېمىمۇ بولۇپ كېتەرمەن، دېگەن خىيال يۈرىكىمنى مۇجۇيتتى، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتماي، يەنىلا ئۇنى ئالداپ كېلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلەيتتىم. بەزىدە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كەتسەم، كېچىلىرى چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتىم. ئەگەر شۇ كۈنى مەن رازىيەنى مەكتەپكە قەستەن باشلاپ كەلمىگەن بولسام، ئۇمۇ فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ ماڭا ئالدىراقسانلىق بىلەن قىلغان سۆزىنى ئاڭلىمىغان بولسا، ئادەتتىمۇ مەن ئۇنىڭغا پو ئېتىپ مەيدەمگە مۇشتلاپ يۈرمىگەن بولسام، بەلكىم ئىشلار بۇنچىلىك مۇرەككەپلىشىپ كەتمەس ئىدى. ئاقىۋەتتە مەن يەنىلا بەربىر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدىم.

* *

مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق يېڭى يىللىق كېچىلىك ئۆتكۈزۈشىمىز بولغاچ، سىنىپتىكى پائالىيەتلىرىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا، پىلان بويىچە رېستورانغا يۆتكەلدۇق. ساۋاقداشلار بۈگۈن ئېچىلىپلا كەتكەنىدى، ناخشا ئېيتىدىغانلار ئۆچىرەتتە، تانسا - ئۇسسۇلغا سورۇن تار ئىدى. ئالدىراپ تەڭشىلىۋالغانلارنىڭ بەزىلىرى خۇددى ئەتىلا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كېتىدىغاندەك كۆڭلى يېقىنلىرى بىلەن خوشلىشىش ئالدىدىكى نۇتۇقلىرىنى باشلىۋەتكەنىدى. بىر چاغدا مىكروفوندىن ئەخمەتنىڭ ھېسسىياتلىق مىسرالىرى جاراڭلىدى:

بەزىلەر قەسەمنى چەكسە بىلەككە،
مەن چەكتىم قەسەمنى ئوتلۇق يۈرەككە.
قەسىمىم ئۆچمەيدۇ مەڭگۈ ئايجامال،
بۇ يۈرەك سوقمايدۇ سەندىن بۆلەككە.

تىنىقتەك جىمجىتلىقتىن كېيىن قىز ـ ئوغۇل ھەممەيلەن چۇرقىرىشىپ كەتتۇق.
— ياشاپ كەت، يەنە بىرنى، تازا كەلدى.
— ئادەمنى نومۇستىن ئۆلتۈرەي دەمدىكىن، — دېدى ئايجامال قىزارغانچە، — شۇنچە قىلسامۇ ئۆزگەرمىدى بۇ ساراڭ.
ئادەتتىكى چاغلاردا تولىمۇ ياۋاش، كەم سۆز يۈرىدىغان دوستىمىز ئەخمەت ئازراق قىزىۋالدىمۇ بولدى، خۇشخۇيلىشىپ قىن ـ قىنىغا زادىلا پاتماي قالاتتى، پەيتنى تېپىپ شېئىر ئوقۇمىسا ھەرگىز بولدى قىلمايتتى.
سورۇنىمىز بارغانچە قىزىماقتا ئىدى، لېكىن مەن ئۆز خىيالىمدا ئىدىم. ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىمىۇ، لېكىن رازىيەنىڭ ئالمىنى ماڭا تەڭلەپ تۇرۇپ «بۇ سىزنىڭ ماڭا قىلغان يېڭى يىللىق چاقچىقىڭىزمۇ ياكى سوۋغىتىڭىزمۇ؟» دەۋاتقاندىكى مەسخىرىلىك ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، تېنىم جۇغۇلداپ كېتەتتى. ئەتىسى ئىلھام كىرىپ ئويغاتمىغان بولسا ئورنىمىزدىن قاچانلاردا تۇرىمىز كىنتاڭ؟ ئۇ كىرىپلا يوتقانلىرىمىزنى بىر ـ بىرلەپ ئاچقىلى تۇردى.
— قوپۇش ئورنۇڭدىن، كۈن چۈش بولاي دېدى، پۇف…، — ئىلھام بېرىپ دېرىزىنى ئېچىۋەتتى، — نېمىدېگەن سېسىقچىلىق بۇ؟ ھەرقايسىڭنىڭ مىجەزىنى بىلمىگەن بولسام، قىزلارنى ئۇدۇللا باشلاپ كىرەركەنمەن.
ئۇنىڭ قوپال سۆزلىرى ھەممىمىزنى سەگەكلەشتۈرۈۋەتتى، مەن يۈرىكىم تۇيغاندەك دەرھال ئۇنىڭدىن سورىدىم.
— قايسى قىزلارنى دەيسەن؟
— كىم بولاتتى؟ سېنىڭ مېھمانلىرىڭ بولمامدۇ، تۇمۇچۇقۇڭ بىلەن جەمئىي تۆت قىز، ماڭ بېرىپ يۈزۈڭنى يۇيۇپ، ئۆزۈڭنى تۈزە، ئەلەڭگىلىرىڭنى مەن يىغىشتۇراي.
يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ قالدى.

— چاقچاق قىلمايۋاتقانسەن، ئىلهام؟

— ئىشەنمىسەڭ ئۆزۈڭ چىقىپ قاراپ باق.

«ئاله شەرىڭنى، — دېدىم مەن ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلاپ، — كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەن مانا شۇ - دە».

— سەن چۈشۈپ مېهمانلارنى ئاز - تولا گەپكە تۇتۇپ تۇر، — دېدى ئەخمەت باشقىلارنى ئالدىراتقاچ ئىلهامغا، — چىرايلىق قىزلارنى مۇشۇ هالەتتە ياتاقتا باشلىساڭ چاۋىمىز چىقتا يېيىلىدۇ، بىز هايال ئۆتمەيلا ئارقاڭدىن چۈشىمىز.

ياتاقداشلارنىڭ قىزغىنلىقى هەر هالدا ماڭا ئاز - تولا مەدەت بولۇۋاتاتتى.

— چىرايلىق قىز دېگەننىڭ دوستلىرىمۇ چىرايلىق كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنى گەپتە چۈشۈرۈپ يۈرمەڭلار يەنە.

— ئاخشام چۈشۈمدە مېنى توشقان قوغلاپ يۈرگۈدەك، بۈگۈن چوقۇم ماڭا ئامەت بار جۇمۇ.

— بىرى بىلەن بۈگۈنگە پۈتۈشۈپ قويۇپتىكەنمەن، ئەستا...

بۇ بىر توپ بۇرادەرلەرگە قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدىم.

لەپىلدەپ يېغىۋاتقان ئاپئاق قار ئەتراپقا ئاجايىپ گۈزەل، تەبىئىي تۈس ئاتا قىلغان بولۇپ، قار هىدىغا تويۇنغان ساپ هاۋا ئادەمنىڭ شېئىرىي تۇيغۇلىرىنى غىدىقلايتتى.

ئەخمەت ئايجامالنى چاقىرىۋالدى. ئەمدى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىشىمىزغا دىلدار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدۇق، مەن ئۇنىڭغا سالام قىلىپ ئۆتۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ «ئۇزۇن كىرپىك» دېگەن چىرايلىق نامىنى ئاللىبۇرۇن «توڭ قاپاق» قا ئۆزگەرتىلىۋالغان يىگىتلەر ئۇنىڭغا قارايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئايجامال ئۇنىڭ بىلەن بىر پەس كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن بىزگە يېتىشىۋالدى. مەن بىرئاز مېڭىپ ئارقامغا قارىسام، دىلدار ئۆز ئورنىدا

بىز تەرەپكە قاراپ مىدىرلىماي تۇرۇپتۇ.
رازىيەنىڭ كىيىملىرى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقان بولۇپ، ماڭا قاراپ يېقىملىق كۈلۈپ قوياتتى.
— سۇرەتتىكىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن، ئاداش، — دېدى سەمەت قۇلىقىمغا پىچىرلاپ، — كۈلۈپلا تۇرىدىكەن - ھە.
مەن ئۇنىڭغا قاراپ مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدۇم!
خۇددى بۇرۇندىنلا تونۇشىدىغاندەك تەبىئىيلىك بىلەن باشلان- غان چاقچاقلار مېھمانلاردىكى قورۇنۇشلارنى ئاللىبۇرۇن نەلەر- گىدۇر ئۇچۇرۇۋەتكەنىدى.
— ماۋۇ بەگزادىلەرنىڭ چاندۇرمىغان بىلەن ئۇچەيلىرى تار- تىشىپ كەتتى، — دېدى ئىلھام ئۆز نۆۋىتىدە، — مەن كىرىپ ئويغاتمىغان بولسام ئەتىلا ئويغىناتتىكەن بۇ ھورۇنلار. ئازراق بىر نەرسە يېگەچ پائالىيىتىمىزنىڭ كۈنتەرتىپلىرى ھەققىدە مەس- لىھەتلىشىۋالساق قانداق؟
تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ ئاخشام بولغان كۈلكىلىك ئىشلارنى بىرەر قۇر ئەسلىشىپ قىزلارنى راسا كۈلدۈردۇق. گەپنىڭ تېمى- سى ئەخمەت ئوقۇغان شېئىرغا مەركەزلەشكەندە، مېھمانلىرىمىز كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى.
— نېمە بالاغا قالدىمكىنتاڭ، ساۋاقداش دەپ قويسام ئا- دەمــنى ئوسال قىپــلا يۈرگــەن، — دېدى ئايــجامال يالغان ئاغرىنىپ، — بۇگۈنكى ئىپادىسىگە قاراپ باقاي، بولمىسا يۈزىگە ئەمدى قارىمايمەن.
— قارىمىسا مەيلى، مەن ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېۋىشىمغا، قۇلىقىنى شېئىرلىرىمغا ئۆگىتىۋالغان.
— ۋە...يت.
— مانا بولدىمۇ؟
— دوستىمىز بوش كەلمەيدۇ جۇمۇ.
بۇ قېتىم ئايجامال راستىنلا قىزاردى.

— ئۆزىنى چاغلىمايدىغان سارالڭ.

ئېلنۇر دەل پەيتىدە ئايجامالنى خىجىلچىلىقتىن قۇتۇلدۇ-رۇپ قويغان بىلەن مېنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

— رازىيەگە ئەۋەتكەن سوۋغىتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدۇق، شۇنداقمۇ، قىزلار؟ — ئۇ ماڭـا كۈلـۈپ تىكىلدى، — سوۋغىتىڭىزدىن رازىيەلا ئەمەس، بىزمۇ ھاياجانلاندۇق.

— ھە، ھە، قانداق سوۋغاتكەن ئۇ؟

— سەنمۇ ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئىشلارنىلا قىلىپ يۈرىسەن.

ھەممەيلەن ئۇنىڭغا يېپىشتى.

— بولدى قىل، ئاداش، ئۇ توغرۇلۇق سۆزلەشمەيمىز دې-يىشكەنمۇ؟ — رازىيە ئۇنىڭغا قاراپ يېلىندى، — ئادەتتىكى بىر سوۋغىمۇ شۇ.

— چاندۇرمىغاندەك قىلغىنىڭ بىلەن كىم بىلمەيدۇ ئىچىڭ-دىكىنى!

شۇ پەيتتە مەن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىۋاتات-تىم، پەممىچە رازىيەنىڭمۇ ئەھۋالى مېنىڭكىدىن پەرقلەنمەيتتى، مەن ئىلھامغا قاراپ ئالايدىم، ئۇ گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

ئېلنۇر سوۋغاتنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىۋەتكەندى.

— ماۋۇ ئاداشقا ئىچ تارلـىقىم كېلـىۋاتىدۇ، مېنىڭ، — دېدى كېرەم بېشىنى چايقاپ.

— ئامال يوق، باشقىلار ئويلاپ بولغۇچە، بۇ ئاداشنىڭ چوققىسى غاچىلا قىلىپ قالىدۇ، — دېدى ئىلھام ئۇلاپلا.

— گەپ سوۋغاتنىڭ قىممىتىدە ئەمەس، مەنىسىدە، — دېدى ئەخمەت پەيلاسوپلارچە تەلەپپۇز بىلەن، — بىزمۇ بالدۇرلا سوۋغات-شۇناسلىق ئىلمى ھەققىدە ئىزدىنىپ قويساق بوپتىكەن، ئىسىت!

— سۆھبىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، — دېدى ئىلھام

مېنىڭ ئولتۇرالماي قالغىنىمنى كۆرۈپ، — باغچىدا بىزگە ئو-
رۇن بارمۇ تېخى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئېلنۇرنى ئۆيگە ۋاقتىدا
ئاپىرىپ قويىمىسام، قېيناكامنىڭ قوم خالتىسىغا ئايلىنىپ قالى-
مەن.

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق، ئېلنۇر قولىدىكى ئاپېلسىن
شۆپۈكىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى.

باغچىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە سۇرەتكە چۈشۈۋاتقانلار،
بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، قار ئېتىشىپ ئويناۋاتقانلار ئۇچراپ
تۇراتتى. مەخسۇت خۇددى كەسپىي سۇرەتچىدەك بىزگە پەقەتلا
ئەركىنلىك بەرمەيتتى...

— ساۋاقداشلىرىڭىز بەكلا ئوچۇقكەن، بۈگۈن بەك كۆڭۈل-
لۈك بولدى، — دېدى رازىيە چىرايلىق كۆزلىرىنى مېنىڭدىن
قاچۇرۇپ، — سوۋغىتىڭىزغا رەھمەت.

— ئەسلىي خىيالىمدا ئالاھىدىرەك...

— ئۇنى قەدىرلەپ ساقلايمەن، — دېدى رازىيە گېپىمنى
بۆلۈپ، — لېكىن ھەممىنى قىلغان شۇ ئېلنۇر، ئادەمنى خىجىل
قىلىپ.

ئىلھام قاچانلاردىدۇر ئارقىمىزغا كېلىۋالغانىكەن، تۇيۇق-
سىز بىر تۈپ تالنى كۆچەپ سىلكىدى.

— توي چاچقۇسى بۇ، توي چاچقۇسى.

ئۈستۈۋېشىمىزنى قار كۆمۈۋەتتى.

خوشلىشىش ئالدىدا رازىيە باشقىلارغا تۇيدۇرماي كىچىك
بىر سومكىنى تەڭلىدى.

— ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئېچىڭ، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم.

بىز ئۇلارنى بېكەتكىچە ئۇزىتىپ قويدۇق.

— تەلىيىڭىز بار جۇمۇ سىزنىڭ، — دېدى ئايجامال قايتىپ
كېلىۋېتىپ، — رازىيەنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىپلا تۇرىدۇ، ئۇ
سىزنى ئوبدانلا ياخشى كۆرىدىكەن.

مەن گەپنى ئەپقاچتىم.

— بايا دىلدارنى تەكلىپ قىلىپمۇ قويمىدۇق ـ ھە؟

— بولدى ئەمدى، كۆڭلىڭىزنى بۆلمەڭ، ئىشقىلىپ سىز بەختلىك، — دېدى ئۇ سىرلىق قىلىپ.

بۈگۈن دوستلاردىن ئىنتايىن خۇشال ئىدىم.

— رازىيەنىڭ ھېلىقى كۈلگۈنچەك دوستى خېلى بولىدىكەن جۇمۇ، — دېدى كېرەم كارىۋاتقا يانپاشلاپ، — كاساپەت بىلەن سۇرەتكە چۈشۈۋالغىنىم قالدى، رازىيەنى يوقلاپ بارغۇچە مېنى چوقۇم ھايت دەۋال.

7

يېزا يېرى بولغاچ مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىنى ئانچە ئۆلچەملىك دەپ كەتكىلى بولمايتتى. بۈگۈن دەرس يوق پۇرسەت-تىن پايدىلىنىپ ياتاققا كىرىپ كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ مەي-دانغا چىقتىم، تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز ۋۇنغا يۈگۈرتۈۋاتقانىكەن، ئۇ مېنى كۆرۈپ قېشىمغا كەلدى.

— ئىچىڭىز پۇشۇپ قاپتۇ ـ دە، ئەگەر خالىسىڭىز بىر ـ ئىككى مەيدان ئوينىمايلىمۇ؟

— سىزگە گەپ كېلىپ قالماس.

— بۇمۇ بىر يۈگۈرۈش مەشىقىغۇ؟

مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم.

مۇسابىقىمىز باشلىنىپ كەتتى. مەيداندىكىلەر توپنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تېپەتتى، قوغلايتتى، يەنە تېپەتتى. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە توپ پەقەت ۋاراتاغا كىرسىلا شۇ غەلىبە ئىدى (گەرچە قائىدىگە خىلاپ بولسىمۇ). ئۆز ئارا ماسلىشىش، پاسلىشىش، پەيتى كېلىپ قالسا ھىيلە بىلەن ئالداپ ئۆتۈشتەك پۇتبولنىڭ ئەڭ ئەقەللىي قائىدىلىرىمۇ ئۇلار ئۈچۈن بەربىر ئىدى. چۈنكى

يۇرتىمىز يېزىلىرىدا پۇتبولغا قارىغاندا ۋاسكېتبول تولىراق ئو-مۇملاشقان بولۇپ، يېزا ياشلىرىمۇ «نوچى» دېگەن نامنى بۇرۇن-قىدەك چېلىشىش مەيدانلىرىدىن ئەمەس (ئۇ خىل ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلىكىگىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالغاندۇر)، بەلكى ۋاسكېتبول مەيدانلىرى-دىن ئىزدەيتتى. مەكتەپلەردە بولسا توپلار شاھى بولغان پۇتبولغا ئېتىۋار بېرىش تايىنلىقلا ئىدى. شۇڭا بۇگۈنكىدەك مۇسابىقىلەر مېنىڭ تېخنىكا - ماھارەتلىرىمنى نامايان قىلىشىمغا ئوبدانلا پۇرسەت ئىدى.

«ئىسىت! ئىلھام بولۇپ قالغان بولسا - ھە» دەپ ئويلاپ قالاتتىم مۇشۇنداق چاغلاردا، بىچارە دوستۇم توپ مەيدانلىرىدا بىرەرىنىڭ ئۆزىنى بىر ئېغىز ماختاپ قويغىنىنى ئاڭلاپ قالسا، شۇنداق خۇش بولۇپ كېتەتتىكى، خۇددى كىچىك بالىدەك.

ياتاققا قايتىپ كىرىپ، يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيۇپ ئالبومنى قولۇمغا ئالدىم. سۈرەتتىكى ئىلھام، پۇتىدا بىر پۇتبولنى دەس-سەپ ئىككى قولى بىلەن بېلىگە تايىنىپ، ماڭا مەغرۇر كۈلۈپ تۇراتتى.

«نەلەردە يۈرىدىغانسەن، دوستۇم؟» دەپ پىچىرلىدىم ئۆ-زۈمگە. ئەخمەتقۇ ئاخىر مۇرادىغا يەتتى، لېكىن بىزچۇ؟ ئەخمەت بىلەن ھەر ھالدا تېلېفوندا بولسىمۇ ئاندا - ساندا ئەھۋاللىشىپ تۇرىمەن، لېكىن سەن بىلەنچۇ؟ ئىچىم پۇشقاندا، ئازابلانغانلى-رىمدا دەردىمنى تۆكسەم، گېپىمنىڭ بېلىگە خۇددى توپنى تەپ-كەندەك تېپىپ، ئۇنى - بۇنى دەپ يۈرۈپ مېنى قايىل قىلاتتىڭ، كۈلدۈرەتتىڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى سورىسام زادىلا چاندۇرمايت-تىڭ، ئەمدى ئويلاپ كۆرسەم شۇ چاغلاردا تەسەللىگە ئەڭ موھتا-جى ئەسلىي سەن ئىكەنسەن. ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلىرىڭنى ئاڭلاپ قالسام، توپ مەيدانلىرىدا خىيالچان ئولتۇرۇپ كەتسەڭ، بەلكىم ئېلنۇر بىلەن قىزىرىشىپ قالغان بولسا ئەپلىشىپ قالدى-

غۇ، دەپ پەسەنت قىلماپتىمەن. ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرىنى مۇھىمغا قويۇۋېلىپ، سېنىڭدىن ئاغرىنىپلا يۈرۈپتىمەن. مەست بولۇپ كارىۋاتتىن يىقىلىپ باش - كۆزۈڭنى يېرىۋالساڭ، سېنى تىللاپتىمەن، مازاق قىپتىمەن، ئەسلى شۇ چاغلاردا ئېلنۇرنىڭ «مىجەزىمىز كېلىشەلمىگۈدەك» دېگەن شۇ بىر جۈملە سۆزى يۈرىكىڭنى قېقىۋېتىپتىكەن سېنىڭ! مېنى ئۇزاتقان ئاخشىمى ئاخىر يۈرىكىڭنى لەختە - لەختە قىلىۋەتكەن نەتىجىسىز كەچۈرمىشلىرىڭنى پەقەت بىرلا جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاپ يىغلىۋەتكىنىڭ ھېلىھەم ئېسىمدە.

— ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شۇنچە يىللار سوكۇلدىغىنىمنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدى، ئاداش.

ياقاڭدىن نەچچە رەت ئالدىم، ئازابلىرىڭنى، دەرد - ھەسرەتلىرىڭنى ماڭا ئەمدى ئاشكارىلىغىنىڭدىن ئاغرىندىم. ئۆزۈڭگە بەشقولدەك ئايان شۇ ئىشلارنى مەندىن يوشۇرۇپ بىر ئېغىزمۇ تىنىپ قويمىغان رازىيەنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ راسا تىللىدىم.

— ئۇنىڭدىن ئاغرىنما، دوستۇم، — دېدىڭ يەنىلا ئۆزۈڭنى ئامال بار خۇشال تۇتۇپ، — بىز شۇنداق كېلىشكەن.

مانا ئەمدىچۇ؟ شۇ بىر ۋاپاسىز قىزنى دەپ مەندىنمۇ كەچتىڭمۇ ئەمدى؟ مانا مەن رازىيەدىن ئايرىلىپ قالغان بولسامۇ، لېكىن سېنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، سېنى يەنىلا ئەسلەپ تۇرۇۋاتىمەن.

ئېلنۇر بىلەن ئىككىڭلاردىن تولىمۇ رازى ئىدىم، چۈنكى رازىيەنى ماڭا سىلەر تونۇشتۇرغان ئەمەسمۇ؟ ئېسىڭدىمۇ؟ مەن ھېلىقى كۈنى كەيپ بولۇپ قېلىپ ئېلنۇرغا، بىز ئۆزئارا قولداش بولىمىز، چۈنكى تويىمىز بىر كۈندە بولىدۇ، دەپ چۆچۈرىنى خام ساناپتىكەنمەن، مانا ئەمدىچۇ؟ بىز قولداش ئەمەس دۈشمەنگە ئايلاندۇق، دۈشمەنگە، ھەممىدىن يامىنى سەن جىمجىتلا غايىب بولدۇڭ، سەن ئېلنۇر تونۇيدىغان بارلىق بەندىلەرگە ئۆچ

بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ماڭا بۇنداق قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى ئىلھام.

شۇ كۈنى ئىككىمىز ئېلنۇرلارنىڭ ئۆيىگە باردۇق، پۇشايمان قىلىمەن دوستۇم، ئەسلىي شۇ ئۆيگە بارمىغان بولسام، بولۇپمۇ ھەممىدىن يامىنى ئاشۇ نەس باسقۇر ئالبومنى كۆرمىسەم بوپتىكەن، سىلەر باشتا سەزمىدىڭلار، كۆزلىرىم پەقەت ئاشۇ بىرلا سۈرەتكە قادىلىپ قالغانىدى. چۈنكى سۈرەتتىكى قىز مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. خۇددى ئۇزۇندىن بۇيان زارىقىپ كۈتكەن قەلبىمدىكى ھېلىقى سىيمانى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالغاندەك.

— ئالبومدىكى پەقەت بىرلا سۈرەت ئەمەسقۇ؟ — دېگەن ئىدى ئېلنۇر ماڭا ئۇزاق تىكىلىپ، — ھە، كىمكىن دەپتىمەن؟ كۆزىڭىز ئادەم تونۇيدىكەن سىزنىڭ، ئۇ مېنىڭ دوستۇم رازىيە، — ئۇ چىنەمىگە چاي لىقلاۋېتىپ قوشۇپ قويدى، — ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئەگىشىپ يۈرگەنلەر ئاز ئەمەس جۇمۇ؟

بايىقى روھىي ھالىتىمدىن خىجىل بولغاندەك ئىدىمىيۇ، — مەنمۇ شۇ ئەگەشكۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالسام رازى، — دەۋەتتىم پوسۇققىدىلا.

گەپ ئەسلىي شۇ ئۆيدىلا تۈگىسە بولاتتى، چۈنكى ئاسان قىزىققان ئىشلارنى ئاسان ئۇنتۇپ قېلىش بار گەپقۇ؟ لېكىن ھەممە ئىشنى تېرىغان شۇ ئېلنۇر، ئارىلىقتىن ھەپتە ئۆتمەي، ئېلنۇرنىڭ خېتى قولۇمغا تەگدى.

«كۆرۈشۈش ئىشلىرىنى توغرىلاپ قويدۇم، بىز سىلەرنى شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ساقلايمىز، ئورۇننى ئىلھام بىلىدۇ، قالغان گەپ ئۆزىڭىزدە».

خەتنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. ئەمدىلىكتە

بولسا سۈرەتتىكى ھېلىقى قىزنىڭ سىيماسىنىمۇ ھېچ ئەسلىيەل-مەيتتىم.

— كۆرۈشۈپ قويغانغا نېمە بولاتتى ئاداش، — دېدىڭ سەنمۇ قىزىقتۇرۇپ، — ئەگەر كۆزۈڭ يەتمىسە چاقچاقچا ئايلاندۇرۇپ غىپلا قىلىپ قالىمىز شۇ.

بىلمەيسەن، ئاداش، شۇ بىرنەچچە كۈننى قانداق ئۆتكۈزگەنلىمنى! ئەينەككە قارايمەن، خۇددى تويى بولىدىغان قىزدەك، ياتاق ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ باقىمەن، خۇددى سەھنىگە چىقىدىغان ئارتىستەك، ئايجامالدىنمۇ نەچچە سورىدىم، ئادەتتە قىزلارنىڭ نەزىرىدە مەن قانداق دەپ، ئاخىر كۆرۈشكەنمۇ بولدۇق. ئەينى چاغدا قەلبىم ھېلىقى ئۆزۈن كىرپىككە شۇنچە تەلپۈنگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بۇنچىلىك باغلىنىپ قالمىغاندىم، ئەپسۇسكى رازىيەنى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى، ئايرىلىپ قالسام ياشىيالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم، لېكىن ئىشلار ئارزۇيۇمدىكىدەك بولمىدى، ئاداش، مەن ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالدىم، چۈنكى ئۇ جىمجىتلا توي قىلىۋالدى، بىلىۋاتامسەن؟ مېنىڭ ھېلىقى ۋاپادار تۇمۇچۇقۇم توي قىلىۋالدى، لېكىن مەن يەنىلا ياشاپ كېلىۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بويتاق دېگىنە، ھەممىدىن ئەلەم قىلغىنى فاكۇلتېتمۇ مېنى ئېلىپ قالالمىدى، قارىغاندا رازىيە مېنى ئەمەس، مېنىڭ سالاھىيىتىمنى، يەنى كەلگۈسىدىكى بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنى ياخشى كۆرگەن ئوخشايدۇ. ئەپسۇسكى مېنىڭ ئىستىقبالىم ئۇنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقمىدى، شۇڭا ئۇ مېنى تاشلىۋەتتى. ھەممىدىن يامىنى سەنمۇ مېنى تاشلىۋەتتىڭ... ئۇنىڭ توي قىلىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئازلا ئۆتمەي ئاڭلىدىم. ئالدىنقى ئايدا يەنە بىر خۇش خەۋەر تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇنىڭ ھازىر بىر ئوغلى بار ئىكەن. شۇنداق ئوماق، دەپ تەسۋىرلەپتۇ خەت ئەۋەتكۈچى ئايرىم توختىلىپ... سېنىڭ بىلەن شۇنچە يىللار

دوست ـ بۇرادەر بولۇشۇپ خېلى ئىشلارنى كۆرۈپ باقتىم، لېكىن سېنىڭ پوچېركاڭنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن خەت ئارقىلىق مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇۋاتقان ھېلىقى خالىس دوستۇم سەن بولۇپ قالمىغىن يەنە؟ ياق، ياق! ئىشىنىمەنكى ئۇ چوقۇم سەن ئەمەس! سەن بولۇشۇڭنى ھەرگىز خالىمايمەن، چۈنكى سەن ئۇنداق سىرلىقلىشىۋالىدىغان ئادەملەرگە ئۆچ بولۇپ كەتكەن، شۇڭا سەن ئۇنداق قىلىپمۇ يۈرمەيسەن، شۇنداقمۇ؟ مەن ھېلىقى خالىس دوستۇمغا رەھمەت ئېيتىمەن. رازىيەنىڭ توي قىلغانلىق خەۋىرى قىسقىلا يېزىلغان خەتنى كۆرۈپ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى سەن چوقۇم ھېس قىلالايسەن، چۈنكى سەن ئايرىلىشنىڭ تەمىنى مەندىن بۇرۇن تېتىپ بولغان. ئۇنىڭ ماڭا يازغان ئەڭ ئاخىرقى خېتىدىنمۇ (ئۇ چاغدا بۇنداق ئويلىمىغانىكەنمەن) بەزى ئىشلارنى سەزگەنىدىم. چۈنكى ئىشىمىزدىن خەۋەر تاپقان ئۆيدىكىلىرى ئۇنى بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغان، پەقەت مەن ئۈرۈمچىدە ئىشلىيەلىسەملا ئىشلار تۈزىلىپ كەتكۈدەك. ئىشەنسەڭ، دوستۇم، مەنمۇ شۇ كۈنلا ئۇنىڭغا قارىتىپ بىر پارچە كەچۈرۈم سوراش خېتى يېزىۋەتتىم. خېتىمدە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايۋاتقان ھەقىقىي ئىشلارنى، يەنى ئارخىپىمنىڭ ئاللىبۇرۇن قايتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى، ئۆزۈمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ بولغانلىقىمنى ئېنىق قىلىپ يازدىم، لېكىن خېتىمنىڭ ئاخىرىدىكى بايانلار تامامەن يالغان.

«مېنى كەچۈرۈڭ، رازىيە! تويۇم شۇنداق جىددىي، شۇنداق تۇيۇقسىز بولۇش ئالدىدا، مەن سىزنىڭ كۈتكەن يېرىڭىزدىن زادىلا چىقالمىدىم، سىزنى ئالدىدىم، مېنى تىللاڭ، مېنى قارغاڭ، مەن شۇنىڭغا ھەقلىق، ئۆيدىكىلەرنى، بولۇپمۇ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانامنىڭ كۆڭلىنى

دېمىسەم بۇ توينى مەڭگۈ قىلماستىم، قىلغاندىمۇ چوقۇم سىزدىن كېيىن قىلىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن پېشانىمىزگە شۇنداق يېزىلغان ئوخشايدۇ، ئاخىرىدا ئۆتۈنىدىغىنىم، ماڭا خەت يېزىپ يۇرمەڭ» ...

قانداق بۇرادەر، خەتنى خېلى قاتۇرۇپ يازغاندەك قىلامدىمەن؟ مانا بۇنى ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ دەيمىز، سىېنىڭ بىلەن ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ، ئىلھام! پەقەت سىېنىڭ بىلەن، راستــتــىنى دېگىنە، دوستۇم، سەن ھازىر زادى نەدە؟ ...

## 8

بۈگۈن يېڭى يىلنىڭ ھارپىسى.

مەسلىھەت بويىچە بۈگۈن شەھەردىكى مەكتىپىمدە يېڭى يىللىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ. نېمە ئۈچۈنكى بىرنەچچە كۈن بولدى قۇلىقىم قىزىپلا تۇرىدىغۇتاڭ؟

— سىزگە تېلېفون.

ئالدىراپ مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈم ئىشخانىسىغا قاراپ چاپتىم.

— قانداق ئەھۋالىڭ؟ — دەپ سورىدى ئەسقەر ئادىتى بويىچە ئىككى ئېغىز چاقــچاق قىلىۋالغاندىن كېيىن، — پائالىيىتىمىزنىڭ ۋاقتىدا ئازراق ئۆزگىرىش بولۇپ قالدى. ھە، شۇنداق چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە رەسمىي باشلايمىز، ئەگەر كېچىكىدىغان بولساڭ، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىلىۋال.

تېلېفوننى قويۇپ ئىلمىي مۇدىرغا ئۈمىد بىلەن تىكىلدىم.

— دېمىسىڭىزمۇ ئاز ـ تولا ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — سىلەر شەھەرلىك دېگەن بۈگۈنكىدەك پەيتلەرنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيسىلەر، دەرسىڭىز بولسا ئىشەنچلىك بىرىگە تاپشۇرۇپ قويۇپ ماڭسىڭىز بولىدۇ.

خوشلۇقۇمدا ئۇنىڭ قولىقىدىن تۇتۇپ، ئايپاك بېشىغا چو-كولدىتىپ سۆيۈپ قويغۇم كېلىپ كەتتى.

ئۆيگە بېرىپ راسا ھۆزۈرلىنىپ يۇيۇندۇم، كاستۇم - بو-رۇلكامنى قاتۇرۇپ كىيىپ، رازىيە سوۋغا قىلغان ھېلىقى گالىستۇكنى چىگىپ ئەينەككە قارىدىم.

شۇ كۈنى رازىيەلەرنى ئۇزىتىپ قويۇپ ياتاققا قايتىپ كې-لىپ، سومكىنى ئالدىراپ ئاچسام دەل مۇشۇ گالىستۇكنىڭ قې-تىدىن ئىككىلىك خەت چىققانىدى.

«ئاددىي بولسىمۇ بويىنىڭىزدىن ئايرىلمىسىكەن دەي-مەن، چۈنكى مەن ئۇنى بىر كېچە باغرىمغا بېسىپ، سۆيۈپ چىقتىم، ئۇنىڭدا مېنىڭ ھىدىم بار...»

شۇ چاغدا قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىم پەقەت بىر ئۆزۈمگىلا ئايدىڭ ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنى رازىيەنىڭ ھىدى (گەرچە قىممىتىنى ئاللىبۇرۇن يوقاتقان بولسىمۇ) بىلەن ساق-لاشقا تاكى ھازىرغىچە تىرىشتىم.

مېنى بىردىنلا يىغا تۇتتى... مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ ئۇس-تەلدىكى ئالمىلار ئارىسىدىن تازا قىزىرىپ پىشقىنىدىن بىرنى تاللاپ پۇرىدىم، لېكىن بەزى چاغلاردا تەكرارلايدىغان «يۇرىكىم يىغلايدۇ ۋەسلىڭنى كۈتۈپ...» دېگەن مىسرا ئېسىمگە كېلىپ قالدى - دە، قولۇمدىكى ئالمىنى «كارس» لا قىلىپ چىشلىدىم، بىر چاغدا قارىسام سىڭلىم ئىشىك تۈۋىدە ماڭا قاراپ ھەيرانلىق ئىلكىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ...

*   *

ئەسقەرنىڭ نۇتقى ئەزەلدىنلا ياخشى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ناھايىتى پائالىيەتچان بولۇپ، ئۇنى مەكتەپ ئىتتىپاق كومى-

تېتىنىڭ شۇجىسى قىلىپ سايلىغانلىقىمىزدىن ھەقىقەتەن رازى ئىدۇق. ئۇنىڭ ئويلاپ تاپقان بىرنەچچە ئىشى كۆڭلىمىزگە بەكمۇ ياقاتتى، مەكتىپىمىزدە ياش ئوقۇتقۇچىلار كۆپ بولغاچقا، ئۆزئارا بىر - بىرىدىن كۆڭلى ئاغرىپ قالىدىغان ئىشلاردىن، بولۇپمۇ قاپىقى يامان مۇدىرىمىزنىڭ يا ئۇنداق، يا مۇنداق تەنقىد - پىكىرلىرىدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدۇق. ئۇ ئىتتىپاق شۇجىسى بولۇپ سايلىنىپ ئاز ئۆتمەي، ئەنە شۇنداق كۆڭلى نازۇكلارنىڭ روھىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بىر «تەسەللى بېرىش جەمئىيىتى» قۇرۇپ چىقتى. مەن شۇ جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدىم. مەن يېزىغا ماڭغاندىمۇ، بۇ جەمئىيەت ئۆز رولىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇرغانىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ياش ئوقۇتقۇچىلار ئارا «تۆيۇقسىز دەرس ئاڭلاش گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى. بۇ ئۇسۇل ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىپ، ھەممىمىز «قارىغا ئىلىنىپ قېلىش»تىن ئەنسىرەيدىغان، ئامال بار دەرس-لەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئەتراپلىق تەييارلايدىغان ھالەتكە يۈزلەن-دۇق. ئېنىقكى بۇگۈنكىدەك يىغىلىشلارنىڭ رىياسەتچىلىكى ئۇ-نىڭدىن باشقىلارغا ھەرگىز ئاشمايتتى...

ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىلىش ھەققىدىكى پاساھەتلىك سۆزلى-رى تېخى بايىلا زال ئىچىنى تىمتاس قىلىۋەتكەن بولسا، ئەمدى-لىكتە كۆپچىلىكنى نۆۋەت بىلەن تونۇشتۇرغاندىكى ئوخشىتىش ۋە قىستۇرما يۇمۇرلىرى ھەممىمىزنى ئىختىيارسىز كۈلكىگە زورلايتتى. ئارىلىقتىكى يېشى ئېشىپ كەتكەنلەرنى ئىتتىپاقتىن چېكىندۇرۇش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئاخىرلىشىپ، ئاز ئۆتمەيلا قورۇمىلار تارتىلىپ، قەدەھلەر جۈپ - جۈپى بىلەن جىرىڭلاشقا باشلىدى.

ئەسقەر تېخى بايىلا ئۆزى تونۇشتۇرغان «سەھرالىق مېھمان»نىڭ ئەمدىلىكتە شەھەرلىكلەرگە ھەقىقەتەن تەڭ كېلەلمەيۋاتقان-لىقىنى سەزدى بولغاي، دەرھال كېلىپ قولىدىكى ئىككى رومكى-

نىڭ بىرىنى ماڭا تەڭلەپ، باشقىلارغا ئالايدى.
— سورۇننى تەييار قىلىپ بەرسە، مېھمان كۈتۈشكە ئۇستا جۇمۇ سىلەر، — ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن تارتتى، — ماڭە، سەھرا-لىق! مۇشۇ تۇرقىدا باشقا ئۇستەلدىكىلەرنىڭ يولۇڭغا قاراپ كۆز-لىرى تۆت.
بىز باشقا ئۇستەلدىكىلەر بىلەن بىرەر قەدەھتىن ئوپچۇاي ئىچىشكەچ قىزلارنىڭ ئۇستىلىگە بېرىپ قالدۇق. مەن ئۇلار بىلەن ئەھۋاللىشىپ يېزىدىكى ئەھۋاللىرىم ھەققىدە ئۇنى - بۇنى دېيىشكەچ، ھال - مۇڭ قىلىشىپ، بىر ئاز ئولتۇرۇپ قالدىم. ئولتۇرۇپ قېلىشىمدىمۇ مەلۇم مەقسەت بار ئىدى، چۈن-كى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «يېڭى كەلداخۇن»لار بار ئىدى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى كۆزۈمگە خېلىلا ئىسسىق كۆرۈنۈپ قېلىۋاتاتتى، لېكىــن ئۇنىڭغا ئۇزاقراق تىــكــىــلىشكە زادىلا پېتىنالمايتتىم.
— ئەسقەر، بايىقى سۆزىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟ — دېدى قىزلارنىڭ بىرى ئاغرىنغان تەلەپپۇزدا، — بولمىسا ئېسى-ڭىزگە سېلىپ قوياي، بوگۇن ئىچىش ئەمەس، ئويۇن ئاساس!
— مېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار، — دېدى ئەسقەرمۇ بوش كەلمەي، — بىز خەق ئاز - تولا ئىچىۋالمىساق، سىلەر كېلىپ تانسىغا بىزنى تارتقان تەقدىردىمۇ، ياق دەپ تۇرۇۋالىمىز شۇ.
بۇ گەپتىن ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق، بىر ئىشارەت بىلەن مۇزىكا ئوقۇتقۇچىمىز بارىنىڭ ئاران تۇرغان بارماقلىرى ئېلېكترونلۇق رويالنىڭ تىللىرىنى شوخ پەدىگە سايرىتىپ، مۇڭ ۋەزىنگە تويۇنغان يېقىملىق ناخشىسى يۈرەكلەرنى تىترىتىۋەتتى.
ھۆرمەت يۈزىسىدىن بىرنەچچە قول تانسىنى باشقىلار بىلەن ئوينىغانمۇ بولدۇم، لېكىن مەندىكى بىر خىل قىزىقىش ۋە ھېس-سىيات مېنى ھېلىقى قىز بىلەن بىرەر قول بولسىمۇ تانسا ئوي-ناشقا زورلايتتى. سورۇن بېشىدا ئەسقەر ئۇلارنى تونۇشتۇرغاندا

تازا دىققەت قىلىپ كەتمىگىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ تۇتال-مىغانىدىم، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ ئىسمى مەن ئۈچۈن مۇھىم تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە قىزلار بىلەن تونۇشۇشقا، ئۇ-لارغا يېقىنلىشىشقا، ھەتتا ئۇلاردىن بىرەرنى ياخشى كۆرۈپ قې-لىشقا تامامەن ھەقلىق ئىدىم، چۈنكى كۆڭلىرىمنى يەنىلا مۇشۇن-داق ئازاب ئىلكىدە ئەسلەش، بۇرۇقتۇرما بولۇش بىلەن ئۆتكۈز-سەم بولمايدۇ - دە، رازىيەنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى باشقا قىزلاردىن كۆرسەم بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپام-نىڭ ئېيتقىنىدەك ئىنسان ھامان توي قىلىشى كېرەكقۇ.

قەلبىمدىكى شۇ خىل تەسەللى، ھېسسىياتىمدىكى بىر خىل تاتلىق ئىنتىلىش بىلەن خېلى ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسامۇ، لېكىن ھەر قېتىمدىلا باشقىلار مەندىن ئىتتىك كېلىپ كېتەتتى. مېنىڭچە بولسا ئۇ ماڭا تىكىلىپ قارىشى، كۈلۈشى، باشقىلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ مەن بىلەن پەقەت بىر قېتىم بولسىمۇ تانسا ئوينىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ ماڭا پەقەتلا نەزەر كۆزىنى سالالمايتتى، ئەكسىچە كىم كېلىپ تانسىغا تارتسا، ئۇ شۇنچىلىك رايىش ئىدى. ئۇلار بىلەن نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشىپ، ماڭا قىممەتلىك بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقان تەبەسسۇم كۈلكىلىرىنى ئۇلاردىن ھېچ ئايىماي دېمەيتتى.

«تازا شاللاقمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە.

لېكىن ئۇنىڭ ھەممىگە ئوخشاش تۇتۇۋاتقان قىزغىن مۇئامىد-لىسى، مۇلايىملىقى، كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان سەبىيلىكى، نۆۋەتتە ئۆزىنى جىددىي تۇتۇۋېلىشلىرىغا قاراپ بايىقى خىيالىم-دىن ۋاز كەچكەنمۇ بولدۇم.

شۇ پەيتتە زادى نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتاتتىم، روھىي كەيپىياتىمدىكى ئۆزگىرىش ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى ئۇرۇنۇش-لىرىم دىلدارنى ئۇنىسىز قوغلاشقان، رازىيە بىلەن تۇيۇقسىز تو-نۇشقاندىكى چاغلارغا ئوخشىشىپ قېلىۋاتاتتى. ھەممە ئۆز كەيپى،

ئۆز ئىشى بىلەن ئىدى، سىرتقا چىقىپ بىردەم ئايلىنىپ كې-
لىش، ھەتتا ئاستىلا كېتىپ قېلىش خىيالىغمۇ كەلدىم، لېكىن
مەن ئۆز - ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىرىگەن بىلەن ھېچكىم مېنى
سورۇندىن قوغلىمىدى.

ئۆزۈندىن بۇيان بىر ئىش كاللامدىن زادىلا ئۆتمەيۋاتاتتى.
ئۇ بولسىمۇ قىزلارنىڭ ئوقۇغان مەكتىپىمنى ئەمەس، ئەكسىچە
ھازىر نەدە ئىشلەۋاتقىنىمنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرگەنلىكى ئىدى.
ھەممىدىن كۆلكىلىك يېرى شۇكى، ئىلگىرى تەبەسسۇم بىلەن
ئوتلۇق قارايدىغان بەزى قىزلار مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمدىن
خەۋەر تېپىپ، ئۆزىنى دەرھال چەتكە ئالغانمۇ بولدى، بەلكىم
ئۇمۇ...

بۈگۈننىڭ قىزلىرى نېمىدېگەن شۆھرەتپەرەس، دەپ ئويلاپ
قالدىم ئىچىمدە، ئەمدىلىكتە پەقەت رازىيەدىنلا ئاغرىنىپ يۈرۈش-
نىڭ ئورنى قالمىدىمۇ نېمە.

شۇ خىياللار ئىلكىدە ئۇنىڭغا تىكىلدىم. ئەمدىلىكتە مەندە
ئۇنى تانسىغا تارتىپ، سىردىشىپ، تونۇشۇشتىن ئىبارەت بايىقى
جۈرئەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. كۆڭلۈمدىكىنى دېگەندە، يە-
گىتلىكىمگە ئېلىپ تەشەببۇسكار بولۇپمۇ باققانمەن. ئاقىۋەتتە
نېسىپ بولغىنى يەنىلا ئازاب بولدى. ئەڭ ياخشىسى سوغۇق
قانراق بولاي، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي، ماڭىمۇ خۇدانىڭ بېرىدىغىنى
باردۇ.

— نېمانچە خىيالچان بولۇپ كەتتىڭ ھوي! — دېدى خىز-
مەتداشلىرىمدىن تۇرغۇن قولىدىكى قەدەھنى ماڭا تەڭلەپ، —
باياتىندىن قاراپ باقسام يا ئويناي دېمەيسەن، يا ئىچمەيسەن.

دەل جايىغا تەگكەن بۇ قەدەھ تۇيۇقسىزلا روھىمنى كۆتۈ-
رۈپ، بايىقى ئەبجەش خىياللىرىمنى نەلەرگىدۇر ئۇچۇرۇۋەتتى.

— سىرتتا قار يېغىۋاتىدۇ، قار، — دەپ ۋارقىرىدى ئەسقەر
ھاياجان بىلەن، — پائالىيىتىمىزگە يېڭىدىن بىر مەزمۇن قوشاي-
لى، سىلەرچە قانداق؟

* *

يۇرتىمىزنىڭ ياز پەسلىدىكى تومۇز ئىسسىقى، قىش پەسلى-
دىكى قۇرغاق سوغۇقى ئۆزگىچە ئىدى. يىللار بويى ئاساسەن
قار، يامغۇر كۆرمەي كېلىۋاتقان كىشىلەر ئۇچۇن تەبىئەتنىڭ
بۇگۇنكىدەك ھىممىتىدىن ھوزۇرلىنىشىنىڭ ئۆزى بىر بەخت ئى-
دى. ئادەتتىكى ئۆتكۇنچى يامغۇر ياكى قارنى كۆرۈپمۇ «ئاجايىپ
يېغىۋەتتى ـ ھە!» دەپ نەچچە كۇن داڭلايدىغان باللارنىڭ بۇ-
گۇن ئۆۋسى چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى.

سورۇندىكىلەر خېلىلا قىزىۋالغاچقىمىكىن بەكمۇ دادىللى-
شىپ كەتكەنىدى. بەزىلىرى قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۇچۇن
دۇكانغا يۇگۇرسە، بەزىلەر ئاللىبۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ ئالىي مەك-
تەپتىكى قىزغىن، رومانتىك ھاياتىغا قايتىپ بولغانىدى. قوغ-
لاشتۇق، قار ئېتىشتۇق، سۇرەتكە چۇشتۇق، خۇددى كىچىك
بالىدەك قىن ـ قىنىمىزغا زادىلا پاتمايتتۇق.

ھازىرقى ھالىتىمىزدىن باشقىلار بىزنى يەرلىك ئوقۇتقۇچى-
لار ئەمەس، بەلكى بىرەر ئالىي مەكتەپنىڭ پراكتىكىغا كەلگەن
ئوقۇغۇچىلىرىمىكىن دەپ ئويلاپ قېلىشى تەبىئىي ئىدى...

ئەسقەرنىڭ يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن كۆڭلىمىز
يېقىن بىرنەچچە جۇپ قىز ـ يىگىت يېڭى يىلنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز
مىنۇتلىرىنى بارىنىڭ ياتىقىدا خۇشال ـ خۇرام كۇتۇۋالدۇق.

سىردىشىش ئارقىلىق بىلدىمكى، ئۇنىڭ ئىسمى ئابىدە بو-
لۇپ، شەھەرلىك ساياھەت ئىدارىسىگە ئىشقا چۇشۇش ئالدىدا
ئىكەن.

— بوش كەلمىدىڭىز جۇمۇ؟ — دېدى ئابىدەنىڭ دوستى،
يەنى خىزمەتدىشىم ئالىيە ئۇنى ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كېلىشى-
مىزدە، — بەزى ئىشلارنى ئالدىن مۆلچەرلىمەك ھەقىقەتەن تەس

ئىكەن، شۇنچە گەپدان بۇ دوستۇمنىڭ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئېغىز ـ بېسىق، كەم سۆز بولۇپ كېتىشىدە چوقۇم بىر گەپ بار، قارىغاندا سىزمۇ ئارانلا تۇرۇپتىكەنسىز.

— ھېلىغۇ ئۇنىڭ يىگىتى يوقكەن، ئەگەر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ يىگىتى بىلەن دۇئىلغا چۈشۈشتىنمۇ يانمىغان بولاتتىم.

— مۇنداق گەپدان، يۈرەكلىك بولۇپ كېتىدىغانلىقىڭىزنى بۇرۇنلا بىلگەن بولساق، سىزنى بالدۇرلا يېزىغا قوغلاركەنمىز.

— ئىشقىلىپ، سىزگە يېلىنغىنىم يېلىنغان، ياردىمىڭىزنى ئايىماسسىز؟ ئەسقەر بىلەن دېيىشىپ قويدۇم، ئەتە چۈشتىن كېيىن سىلەرنى ئالغىلى كېلىمىز.

## 9

رازىيە قولىدىكى ئالمىنى غەزەپ بىلەن ماڭا قارىتىپ ئاتقاندى، دەل كېلىپ پېشانەمگە تەگدى، ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭرىۋەتتىم...

— نېمە بولدى؟ قارا بېسىپ قاپتىمۇ نېمە سىزنى؟ تېز ئويغىنىڭ!

ئىتتىك كۆزۈمنى ئاچسام ئابىدە مېنى يېنىك سىلكىپ ئويغىتىۋاتقانىكەن، شۇ چاغدىلا بايىقى ئىشلارنىڭ چۈشۈم ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە يېنىك تىنىپ قويدۇم.

— مۇشۇ كۈنلەردە نېمە بولدىكىن ئاتا ـ بالا ئىككىڭلارغا؟ بىرىڭلار ئالما، بىرىڭلار مەممەم دەپ ھېچ ئارامىمنى قويمايۋاتىسىلەر.

چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن باشقا ئالامەتلەرنى سەزمىگەندىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— ئالما دەپ جۆيلۈدۈممۇ مەن؟

— مۇشۇ كۈنلەردە نېمە بولدىكىن سىزگە؟ ئۇخلىسىڭىزلا خۇددى «سىرلىق ئالما» فىلىمىدىكى خالىسخاندەك «ئالما، ئالـ-ما» دەپ جېدەل قىلغىنىڭىز قىلغان، ھەر ھالدا ئېزىپ - تېزىپ بىرەر ئالمىچى قىزغا ئۇچراپ قالمىغانسىز؟

ئابدەنىڭ ماڭا سىرلىق تىكىلىشىدىن يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى.

— توۋا دەڭە ئابدە، نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسىز؟ — سىزنى خىجىل قىلماي دەپ دېمىگەنىدىم، سىزمۇ يېقىندىن بېرى ئاخشاملىرى «مەسە كالاچ» دەپ مېنىمۇ ئۇخلاتمايۋاتىسىز، سىز-مۇ بىرەر موزدۇز بىلەن...

ئابدە مۇرەمــگە يېنىك مۇشــتلىغىنىچە ماڭا نازلــىق تى-كىلدى...

*              *

ئېيتىپ قوياي، رازىيە، مەن سېنى ئەمەس سېنىڭ ماڭا قىلغان ئەلەملىرىڭ ئۈچۈن سېنى ئۇنتۇغانىدىم، كۆيۈمچان ئايا-لىم، ئوماق ئوغلۇم ئۈچۈن بولسىمۇ ئەمدى مېنى قىينىما، چۈشلىرىمگە كىرمە!

ئېسىڭدىمۇ، رازىيە، مەن تەسەللىگە، بولۇپمۇ سېنىڭ مۇ-ھەببىتىڭگە ئىنتىزار بولۇۋاتقان شۇ كۈنلەردە، مېنى خۇددى ئويناپ زېرىككەن قونچاقنى تاشلىۋەتكەندەك ھېچقانداق تۈيغۇسىز تاشلىۋەتكەنىدىڭ، ئۆزۈڭنىڭ كەلگۈسىنى، بەختىنى، ئابرۇيۇڭ-نى دەپ مېنى تۈگىمەس ھەسرەت ئوتىغا مۇپتىلا قىلغانىدىڭ، شۇنداق قىلىشنى ھەقلىق دەپ قارىغانىدىڭ، غۇرۇرۇڭ كۆتۈر-گەن ئىدى، لېكىن مەنچۇ؟ بۇ ئالەمدە ئىنسانىنىڭ پۇل - مېلى بىلەن ئويناشقانلارغا تېگىشلىك جازا بولغان بىلەن ساڭا ئوخشاش

ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ غۇرۇرى بىلەن، ھېسسىياتى بىلەن
ئويناشقانلارغا جازا يوقكەن. مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ دەپ ئوي-
لىغان بولغىيتىڭ، توغرا، مەن ھېچنېمە قىلالمىدىم، ساڭا
يۇزلىشىپ تۇرۇپ ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدىم،
پېتىنالمىدىم ئەمەس، بەلكى ئۆلگۈرەلمىدىم. ئەمەلىيەتتە شۇن-
داق قىلىشقا ھەقلىق ئىدىم، لېكىن ئۆزۈمنى ئەمەس، سېنى
ئايىدىم، رازىيە، بىلەمسەن سېنى ئايىدىم، چۈنكى سەن توي
قىلىۋالغانىدىڭ. بۇ دۇنيادا دەردمەن بولۇپ ئۆتۈشكە چىدىدىم-
كى، باشقىلارنىڭ ئۆيىنى بۇزغان چىدىماس دېگەن نامنى ئېلىپ
قېلىشنى خالىمىدىم. ئەگەر توي قىلىشقا ئۇنچىلىك ئالدىراپ
كەتمىگەن بولساڭ، ئەقەللىيسى قەلبىڭدە ئازراق بولسىمۇ ئورنۇم
بولغان بولسا ئىدى، مېنى ئۆز ھالىڭدىن خەۋەردار قىلغان بولات-
تىڭ. مەنمۇ ئۆز يولىدا ئىش كۆرگەن، جاپا تارتساممۇ سېنى
بەختلىك قىلغان بولاتتىم. خەير، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتى، ئۇ
ئازابلىق كۈنلەرنى ئويلاپ ئۆزۈمنى يەنە ئازابلاپ يۈرمەي. سېنىڭ-
دىن ئۆتۈنىدىغىنىم شۇكى، ئەمدى بولسىمۇ چۈشۈمگە كىرمە،
سېنى مېنىڭدىن ۋاز كەچتۈرەلىگۈدەك ئىش ئورنىغا، پۇل -
مال، چىراي - قامەتكە ئىگە ئېرىڭ بارغۇ؟ ئانىلىق مېھرىڭگە
قانماي كېلىۋاتقان، مۇھەببىتىڭلارنىڭ مېۋىسى، بەختلىك ئائى-
لەڭلەرنىڭ تۈگىمەس كۈلكىسى بولغان ئوغلۇڭ بارغۇ؟ مېنىڭ
ئىلتىجالىرىمنىڭ يۈزىنى قىلمىساڭمۇ شۇلارنىڭ يۈزىنى قىل،
كۆڭلۈمنى بۆلمە! خۇدا ئالدىدا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بو-
لۇپ قالماي، چۈشۈمگە كىرمە، رازىيە، ئەمدى بولسىمۇ چۈشۈم-
گە كىرمە!

قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە ھاياتىمدا نۇرغۇنلىغان
ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى، قانچىلىغان شېرىن مىنۇتلار، ئاچ-
چىق ئەسلىمىلەر، كۈتۈلمىگەن قىسمەتلەر ماڭا يار بولمىدى
دەيسەن؟ ئاقىۋەت پەقەت ئاچچىق ئەسلىمىدىن باشقا ئېرىشىشكە

تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قالدىم. لېكىن شۇ مەھرۇملۇق ئىلكىدە يەنە كۆتۈلمىگەن نەرسىلەرگە ئېرىشتىم...

ئىلگىرى مەن باشقىلار تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى سۆيۈشكە ئەڭ تېگىشلىك نىگارىم تەرىپىدىن تاشلاندىم دەپ ئازابلانغانىدىم، شۇ سەۋەبتىن سېنى تىللىغان، سېنى قارغىغانىدىم، سەن ئاق كۆڭۈل نامەلۇم بىر قىز ماڭا ئۆزۈڭ بېرەلمىگەن بارلىق نەرسىلەرنى ئاتا قىلالايدىغانلىقىنى چىن قەلبىڭدىن ھېس قىلىپ، ۋىجدان ئالدىدا چېنىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزۈڭنى چەتكە ئالدىڭمۇ؟ بۇنى بىلمىدىم! ئەگەر شۇنداق ئويلىغان بولساڭ، شۇنداق ئويلاپ مېنى تاشلىغان، ئۆز مۇھەببىتىڭنى قۇربان قىلغان بولساڭ، سېنى چۈشەنمىگەنلىكىم، سېنى قارغىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئەپسۇسلىنىشكە ھەقلىقمەن، لېكىن سەن ئۇنداق ئالىيجانابلاردىن ئەمەسسەن! ئىشقىلىپ، مەن ئەنە شۇنداق ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار قىز بىلەن تۇرمۇشلۇق بولدۇم، بەختلىك ئائىلىگە ئېرىشتىم، باللىق بولدۇم. تىرىشىپ ئىشلەپ، كەسپتە كۆزگە كۆرۈنۈپ شەھەر ئىچىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولدۇم، تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز دېگەندەك ھاياتىم مەنىلىك، خىزمەت ۋە تۇرمۇشۇم كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە. مەن ئىلگىرى سېنىڭ مۇھەببىتىڭ ئارقىلىق ئېرىشىشكە تېگىشلىك بەختتىن سەن ئارقىلىق مەھرۇم قالغانىدىم. ئەمدىلىكتە ئۆزۈم تىرىشىپ قولغا كەلتۈرگەن بەختتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن. چۈشلىرىمگە كىرىپ ئەقلىمنى ئوغرىلايمەن دېمە، ئەقەللىيسى چۈشۈمگە كىرىپ ئاۋارە بولۇپمۇ يۈرمە، چۈنكى كونىلار شۇنداق ئېيتىدۇكى، چۈش دېگەن ئۇيقۇنىڭ پوقى!

# 10

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئوغلۇممۇ ئۈچ ياشقا كىرىپ قاپتۇ. يېزىدىن قايتىپ كېلىپ بىر مەكتەپنىڭ غېمى بېشىمغا كىيىلىپ قېلىۋىدى، ئالدىراشلىق ئىلكىدە ۋاقتىنىڭ مۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قاپتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ كۈنلەردە ئابىدەنىڭمۇ تاپا ـ تەنىلىرى ئۇبدانلا كۆپىيىپ قالغانىدى.

— مەكتەپ، مەكتەپ دەپ ئۆينىڭغۇ ئۇنتۇپ قالدىڭىز، — دېدى ئابىدە بىر كۈنى پوسسۇقىدىلا، — قارىڭە بالىمىزمۇ ئېڭەككە تاقاشقىلى تۇردى، يەنە مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسىڭىز، ئانا ـ بالىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان ئورۇنلارنىڭ چاقىرىق قەغىزى سىزنى موللا مۇشۇككە ئايلاندۇرۇپ قويمىسۇن يەنە.

مەن ئابىدەنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك تىكىلدىم، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ مېنىڭدىن ئاغرىنىشى ھەقلىق ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭمۇ خىزمىتى ئالدىراش، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالام، كالام دەپ ھەممىگە يېتىشتى، مېنى قوللاپ بولسىمۇ ھەممىگە چىدىدى.

— خاپا بولمىڭە، خوتۇن، — دېدىم مەن ھەييارلىق بىلەن ئۇنىڭ چىنىسىگە چاي لىقلاپ، — ئۈرۈمچىدىكى بىر ھەپتىلىك ئۆگىنىشتىن قايتىپ كېلىپلا كۆڭلىڭىزدىكىدەك بىر ئىش قىلاي دەيمەن، سىز ساياھەت ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان بولغاندىكىن يول باشلاش سىزدىن، ماشىنا ۋە قالغان تەييارلىق مەندىن بولسۇن، بالىمىز يەنىلا خوجايىنلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىسۇن، ئامال بار چوڭلارنىمۇ چاقىرىۋالايلى، يىراق ـ يىراقلارغا بېرىپ راسا كۆڭلىمىزنى ئېچىپ كېلەيلى، خىزمەت ئالدىراشچىلىقى بىلەن ئىزدىشەلمىگەن دوست ـ بۇرادەرلەرنى يوقلايلى. ھە راست، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە ئاز قالدى، قاراپ تۇرۇڭ، سىزنى بىر ھەيران

قالدۇرۇۋەتمەيدىغان بولسام، قانداق پىلانىم بولامدىكەن؟
ئاغزىمغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قالغان ئابىدە بىر پەستىن كېيىن ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى.
— قېنى، ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز.

*　　　　　*

كۆز ئالدىمدا ئىلگىرى مەن چىن يۈرىكىمدىن ئەقىدە باغلاپ سۆيگەن، پاك ھېسسىياتىم بىلەن تەلپۈنگەن، لېكىن ئۆز بەختىنى دەپ مېنى ئالدىغان، ھىجران ئوتىدا قىينىغان، مېنى خۇددى كېرەكسىز نەرسىنى تاشلىغاندەك تاشلىۋېتىپ، پاك مۇھەببىتىمنى خورلىغان، مېنى تۈگىمەس دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا قىلغان ھېلىقى ۋاپاسىز رازىيە.
— ياق، — دەيتتى ئۇنىڭ ھېلىھەم كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان بۇلاقتەك كۆزلىرى ئاچچىق پىچىرلاپ، — پاك مۇھەببىتى، ئوتلۇق ھېسسىياتى، سەمىمىي ئەقىدىسى بىر ۋاپاسىز، ساختىپەز تەرىپىدىن خورلانغان، سەۋەبسىز تاشلىۋېتىلىپ، يۈرەك باغرى لەختە ـ لەختە قان بولۇپ قىينالغان، ئازابلانغان سەن ئەمەس، بەلكى مەن.
كۆز ئالدىمدا مەن ئەمدىلىكتە بولسىمۇ، يۈزمۇ يۈز تىللاشقا، قارغاشقا تېگىشلىك بولغان ۋاپاسىز رازىيە تۇراتتى.
— ياق، — دەيتتى ئۇنىڭ ھېلىقى كۆزلىرى ياشلانغان ھالدا، — ئۇنداق قىلىشقا ئەسلىي سەن ئەمەس مەن ھەقلىق، چۈنكى مەن كەلگۈسى بەختىمىز ئۈچۈن ئاخىر سېنىڭ يۇرتۇڭغا يۆتكىلىش ھەققىدە سېنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن يولغا چىقىش ئالدىدا تۇراتتىم، ئالدىنئالا خەت ئارقىلىق ساڭا خەۋەر بېرىۋەتمەسلىكتىكى سەۋەب، سېنى تۇيۇقسىزلا خۇش قىلىۋېتىش ئىدى. ئەپسۇس، مەن سېنى بۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كېتەر دەپ

ئۆيلىمىغانىكەنمەن، خېتىڭنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، خېتىڭدە تويۇڭغا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىڭنى ئىككىلەنمەي، ئىزا تارتماي تۇرۇپ ئېنىق يېزىپسەن. ئىش كۆرمىگەن ساددا بىر قىز ئۆز يىگىتىنىڭ ئۆزىنى سەۋەبسىزلا تاشلىۋېتىپ، باشقا بىرى بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن تۇيۇقسىز خەۋەر تاپسا قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىنى سەن مەڭگۈ ھېس قىلالمايسەن، يىغلىدىم، قاقشىدىم، دەرھال بېرىپ ئەپت - بەشىرەڭنى ئېچىپ، تويۇڭنى بۇزۇۋەتمەكچى بولدۇم، لېكىن تەقدىرگە تەن بەردىم، راستىنى دېگەندە سەن مېنى ئۆيلىمىغان بىلەن مەن يەنىلا سېنى ئۆيلىدىم.

مەن ئۇنىڭ كۆزىگە زەردە بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ سوئال قويدۇم.

— مېنى ئۇزىتىپ قويۇپلا ئۆزىنى باشقىلارنىڭ قوينىغا ئاتقان ۋاپاسىز ئەمدىلىكتە مەن بولۇپ قالدىممۇ؟ مېنى ھېچبولمىغاندا يېرىم يىل بولسىمۇ ساقلىيالمىدىڭغۇ؟ ئەگەر دەل ۋاقتىدا كەلگەن ئاشۇ بىر پارچە خەت مېنى سەگىتىپ قويمىغان بولسا، مەن قاچانغىچە سېنىڭ ئالدام خالتاڭدا تېپىچەكلەپ يۈرەتتىمكىنتاڭ؟ ھەر نېمە بولسا مەن تويۇمنى سېنىڭدىن بىرنەچچە يىل بولسىمۇ كېچىكتۈرۈپ قىلدىم.

— كىمنىڭ تويىنى؟ قايسى خەتنى دەيسىز؟ — ئۇنىڭ چىرايلىرى ئاقىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

— سېنىڭ تويۇڭنى ۋە مېنى سېنىڭ تويۇڭدىن خەۋەرلەندۈرگەن خەتنى دەيمەن، — مەن ئاچچىق كۈلدۈم، — ئاللىبۇرۇن بىر بالىنىڭ ئانا بولۇپ قېلىپمۇ تېنىۋالماقچىمۇ؟

— مېنى بۇنچىلىك ھاقارەتلىمەڭ، — ئۇ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى، — مەن··· مەن تېخىچە توي قىلمىدىم.

كۈتۈلمىگەن بۇ سۆزدىن شۇئان نېرۋىلىرىم تورمۇزلىنىپ، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

ئاھ خۇدا! بۇ نېمە ئىش؟ بۇ نېمە تارتقۇلۇق؟ مەن يەرگە زوڭلا ئولتۇرۇپ قالدىم...

— ئۇنداقتا ھېلىقى خەت؟

رازىيە بېشىنى ئۇزاق چايقىدى ۋە ئازاب بىلەن كۈلدى.

— مۇھەببىتىمىزگە ئىشەنمەي بىر پارچە نامسىز خەتكە ئىشەنگەن ئوغۇل بالا سىز بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىگە يىغلىماي نېمە ئامال؟ تەقدىرگە شۇنچىمۇ ئاسان تەن بەرگەن بارمۇ؟ ھېچبولمىغاندا ئەمەلىي ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈشنى بولسىمۇ ئويلاش كېرەك ئىدىغۇ كىشى؟

* *

ئۇلارنىڭ دىئالوگى تېخى تۈگىمىگەنىدى. لېكىن ئاپتور ئۇلارنىڭ ئايرىلىش، ھىجران ئازاب ھىدىغا تويۇنغان قەلب سىرلىرىنى يەنىلا كىتابخانلارنىڭ قىياس قىلىپ بېقىشىغا قالدۇردى. ئۇلارنىڭ قانداق ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ گەپنى ئۇزارتىشنىمۇ خالىمىدى. لېكىن رازىيەنىڭ خوشلىشىش ئالدىدا قىلغان مۇنۇ سۆزىنى قىستۇرۇپ قويۇشنى لايىق تاپتى...

— خەير، ئۆتكەن ئىشلار ھامان ئۆتمۈش بولۇپ قالىدۇ. ئۇنتۇش ياكى ئەسلەش ھەركىمنىڭ ئۆزىگە باغلىق كېيىنكى ئىش. بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىمىزمۇ بەلكىم تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىندۇر، لېكىن ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بولۇپ قېلىشىغا ئىشىنىمەن. مەن بۈگۈنگە كەلگۈچە سىرلىق، شۇنداقلا بىر خىل شېرىن ئۈمىد ئىلكىدە ياشاپ كەلگەنىدىم، بەلكىم بۇلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈن ئۇچۇندۇر، خەير ئامان بولۇڭ. بۇ رەزىل رېئاللىقتا پاك جىسمىمىز، ساپ ئەقىدىمىز بىلەن جاۋاب قايتۇرايلى، مۇھەببەت دۈشـمـەنلـىرىنىڭ جاجىسىنى خۇدايىم ئۆزى بېرەر!

# خاتىمە

ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كېلىپ خىزمەتكە چۈشكەن بىرىنچى كۈنى رازىيەدىن كەلگەن پوسولكىنى تاپشۇرۇۋالدىم ۋە كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. چۈنكى كۆز ئالدىمدا مەن ئۇنىڭغا ئىلگىرى سوۋغا قىلغان ھېلىقى...

مەن رەڭلىك قەغەزنى ئاۋايلاپ يېشىپ ھېلىقى ساندۇقچىنى ئاچتىم. يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ، قوللىرىم تىترەيتتى، مەن ساندۇقچە ئىچىدىكى قىزىل قولياغلىقنى ئاچتىم ۋە ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتىم.

«ئالما، ئاھ! قاق بولغان ئالما!»

مەن رازىيەنىڭ ئوتلۇق ھىدى بىلەن قاق بولۇپ كەتكەن ئالمىنى قولياغلىق بىلەن قوشۇپ كۆزۈمگە سۈرتتۈم، قانماي پۈرىدىم ھەمدە قولياغلىقنى يېيىپ ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلدىم. تۆيۇقسىز كۆزۈم رەڭگى ئاللىبۇرۇن ئۆزگىرىپ، ئالما پوستىدىن ئاجراپ كەتكەن كىچىك بىر قەغەزچىگە چۈشتى ۋە ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ ئۈنسىز ئوقۇدۇم.

«ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ!»

مەن تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب ئىلكىدە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتىم...

رازىيەنىڭ ماڭا يازغان ئىككىلىك خېتى يۈرەك باغرىمنى لەختە - لەختە قىلىۋەتتى!

«مەن سىزنىڭ سوۋغىڭىزنى قايتۇرۇپ بەردىم ئەمەس، بەلكى ھىجران ئوتىدا ئۆرتىلىپ، قاق بولۇپ كەتكەن يۈرىكىمنى ئەۋەتتىم، ئەمدىلىكتە مەن ئاسمىنىڭىزدىن ھەقىقىي ساقىغان يۇلتۇزىڭىز دۇرمەن، ئاخىرىدا سىزدىن شۇنى ئۆتۈ-

نىمەنكى، ئاشۇ بەختسىز يۇلتۇزنى ئەسلەشكە بولىدۇكى ھەرگىز ئىزدەشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ماكانى ئەمدى-لىكتە سىزدىن بەكمۇ يىراقتا. ئۆزىڭىزنى، بەختى-لىك ئائىلىڭىزنى قەدىرلەڭ، مەن سىزگە ۋە ئائىلىڭىزگە ئاللادىن چەكسىز بەخت تىلەيمەن، ئامان بولۇڭ!»

مەن ئازابلىق ئەسلىمىلەر ئىلكىدە خەتنى سىقىملاپ قانچى-لىك ئولتۇرغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن، بىر چاغدا ئابدەنىڭ يىقىملىق ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى.

«قېنى، ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز.»

مەن ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم ۋە ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم.

«مەڭگۈ ئامان بولۇڭ، رازىيە، ئاللا سىزگە مەن تىلىگەن-دىنمۇ ئارتۇق بەخت ئاتا قىلغاي، ئۆتۈنۈش ۋە تىلەكلىرىڭىزنى مەڭگۈ ئېسىمدە ساقلايمەن!»

ئىشخانىدا بىلىنەر - بىلىنمەس ئالما ھىدى پۇرايتتى...

2004 - يىل 4 - ئاي

图书在版编目(CIP)数据

干苹果/迪力夏提·克尤木·努尔著.—乌鲁木齐:
新疆青少年出版社,2006.9
ISBN 978—7—5371—5308—9

Ⅰ.干...Ⅱ.迪...Ⅲ.中篇小说—作品集—中国—当代—
维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第127036号

责任编辑：萨黛缇·萨吾提
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

干苹果（维吾尔文）

（中篇小说集）

迪力夏提·克尤木·努尔 著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆新博文印刷有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 5.5 印张
2006年9月第1版 2009年4月第2次印刷
印数：3001—6000

ISBN 978—7—5371—5308—9 定价：9.50元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غالىب شاھ



# قاوج بولغان ئالما

ISBN 978-7-5371-5308-9

باھاسى : 9.50 يۈەن